
ياشلارغا
شىنجاڭ ياشلىرى
2
1987

# نېفىتلىكتە سەھەر

راخمان ئۇيۇل فوتوسى





يۇقىرى ئۆرلەش ←

↓ سەھەر



↓ دەم ئېلىش ئارىلىقىدا ...



↓ كەچكى چېچەك



ئىسكىلاتتا ...

## مۇندەرىجە


كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى تۇت ئاساسىي پرىنسىپنا
بايرىقىنى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇشى لازىم ............................ 1

### ئىشلىگەنىڭ يۈزى يورۇق

ياش ئىۋىنىڭ كارامىتى .............................. ئابلىمىت ھەسەن 3

### يىللار ۋە ئادەملەر

ئىلىم پەندىكى بىر قىتىملىق ئىراگىدىيە .............................. 6

### دۇنياغا نەزەر

نېمە ئۈچۈن خەلقئارا يىغىنلار جەنۋەدە ئېچىلىدۇ؟ .............................. 7

### ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك

جۇدې توپ مەيدانىدا .............................. 9

ئاۋجۇنىڭ چاقچىقى .............................. 9

### يول سورىغان يولدىن ئازماس

ئىش كۆتۈپ تۇرغان ئىتتىپاق ئەزالىرىنى قايسى ئورۇن باشقۇرىدۇ .............................. 10

### كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس

قانداق قىلغاندا ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ .............................. 12

### مەدەنىي ھايات

ھۆسن خەت گۈلزارىدىكى ئۈمىدلىك ياش .............................. تۇردى ئەبەيدۇللا 13

### ئۆپۈق سىزىقىنىڭ سىرتىدا

ئالەم بوشلۇقىدا دورا ياساش .............................. 14

### كىتابخانىلار مەجلىسى

بىزا ئىتتىپاق ياچېيكا سېكرېتارلىرى ئۈچۈن ئېكسىيە .............................. 15

### قانۇنغا قاراڭ

ئاڭلىقلىق — ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاچقۇچ .............................. 17

### بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

ياشلار توغرا بەخت قارىشىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك .............................. 18

### يىپەك ۋادىسىدىن سۆز

«قورغاس» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى «قاپاس» .............................. ئا. ناسىرى 19

### بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

ھەسەتخورلۇق بەرىبىر ھەسەتخورلۇق .............................. 21

### ئىشلىگەنىڭ يۈزى يورۇق

مەن يەنىلا ئىتتىپاق كادىرى .............................. م. خۇدابەردى 22

بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان ياش .............................. ئا. روزى 23




مۇقاۋىدا:
ياشلىق كۈلكىسى
شىن چاۋ تارتقان


باش مۇھەررىر:
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ۋاڭ جيالۇن، شى داۋمىڭ

مەسئۇل مۇھەررىر:
ساۋۇت سالاھىدىن

تەرجىمە مۇھەررىر:
ئاۋۇت ساۋۇت

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى
ئىسمايىل ئىبراھىم

تىرىژى:
73.000

## قانۇنغا قاراڭ

سىز 18 ياشقا تولغاندا ........................ 27

## ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى

قىز-ئوغۇل ساۋاقداشلار بىر-بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك .. ھ. قاسىم 28

## ياشلار ئۈچۈن تەرمىلەر

يوللۇق قوغدىنىش دېگەن نېمە؟ ....... (تەرمىلەر گېزىتى) ....... 30

## گەپ بىر، قۇلاق ئىككى

خوشامەتچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ......... م. ھەزرەت 33

## يىللار ۋە ۋاقىئەلەر

يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تويغۇر باش ۋەزىر — ليەن شىشەن ..... غ. ئوسمان 35

## كىچىك ئۆملۈكتە

ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ................. مۇھەممەت تالىپ 37

## كۆڭۈل-كۆڭۈلدىن سۆزلىشەر

باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك ....... سوخومولىنسكى 42

## ئالىملار ئىشى

سەنئەتنىڭ جېنى ............................... 44

## كىتاپخانلار مەجلىسى

ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشنى يېڭىشنىڭ چارىسى ................ 48

## يېپەك ۋادىسىدىن سۆز

خوتەن قاشتېشى ھەققىدە پاراڭ .......................... يىن چىڭ 52

## مۆجىزاتلار دۇنياسى

ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقى ھازىر قەيەردە؟ ......................... 55

## چوچەك مىۋىلەر

چاي ......... (ھېكايە) ................. مەتىمىن تۇردۇن 58

## تىكەن، تىكەن، تىكەن

ھەجۋىي رەسىملەر ................................. 62

### بايانات

ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللار، رادىئو ئىستانسىلىرى، رادىئو ئۆزبېكلىرى ژۇرنىلىمىزدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ۋە ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ماقالە - ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ باسقاندا ياكى ئاڭلاتقاندا مەزكۇر ژۇر - نالدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى لازىم. ژۇرنىلىمىزغا بېسىلغان بارلىق ئەسەر- لەر ۋە ئىجادىي بەت شەكىللىرىنىڭ نەشر ھوقۇقى ئۆزىمىزگىلا مەنسۇپ.



مۇقاۋىنىڭ كەينىدە:
شىنجاڭ مەنزىرىسى
ئاڭ جۇبى ئارتقان

## مۇندەرىجە

سىياسىي، تەربىيـ ۋى، پەننىي، ئەدە- بىي ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

مەملىكەتلىك ژۇرناللار تىزىملىكىدىكى نومۇرى (310)
باھاسى: 0.25 فوڭ

شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

# كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇشى لازىم

«جوڭگو ياشلىرى گېزىتى»نىڭ باشماقالىسى

يېقىندا بەزى جايلاردا ئاز ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغاندا. شۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تورغۇن كادىرى پارتىيە پرىنسىپىدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ. يېتەكلەش فاڭچىنى بويىچە سەۋرچانلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن قايىل قىلىش. نەسىھەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ. تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى پارتىيە ۋە خەلق تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇ ـ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇش — كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. بۇنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ئومۇمەن. جوڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي بىلىملىرىدىن ئازراق خەۋىرى بار كىشىلەر جوڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا تارىخىي يوسۇندا پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن سوتسىيالىزم يولىنى تاللىۋالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە. پارتىيە رەھبەرلىكى. ماركسىزم ـ لېنىنىزم ـ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بولمىسا، يېتەرلىك ئويۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە يەنە قانداق كۈچ، قانداق مەسىلەك 1 ملىيارد خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ ۋە بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىتەلەيدۇ؟ سوتسىيالىزم يولىدىن باشقا يەنە قانداق يول جوڭگو خەلقىنى ئورتاق بېيىش يولىغا باشلىيالايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىللە. بىز ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆچمەنلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت بۇ قورالغا تايىنىشىمىز لازىم. جوڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا. سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىش بولمىسا. پارلاق ئىستىقبال بولمايدۇ. سەككىز يىلدىن بۇيان. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز، بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى. بۈگۈنگىدەك تۆپ تەجرىبە شۇكى. بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى يېتەكچىلىككە. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتە باشتىن ئاياغ چىڭ تۇردۇق. شۇڭا تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى. دۆلەتنى بېيىتىشىمىزنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ئىسلاھات. ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشتا. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن چەتنەشكە بولمايدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۆپ مەسىلىدە. ھەرقانداق ۋاقىتتا بىزنىڭ بايرىقىمىز تۇتۇق ئەمەس. بەلكى روشەن بولۇشى لازىم.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ياشلار ئىچىدىكى ئىلغارلار. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقى. ئالدى بىلەن. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن. ھەر خىل خاتا پىكىر ئېقىملىرى ئالدىدا مىڭە سەگەك. مەيدان مۇستەھكەم بولۇشى لازىم. بىرقانچە يىلدىن بۇيان. جەمئىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر پارتىيە رەھبەرلىكىنى خۇنۇكلەشتۈردى.

سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى جۇڭگوغا پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئۇرۇندى. ئەگەر بۇنداق بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزدىمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسلاھاتنى تېزلىتىشنى قىزغىن ئۈمىد قىلىش ئارزۇسى چۈشىنىشلىك، ئەمما ئاز ساندىكى كىشىلەر زۆرۈر ئىجتىمائىي تەجرىبىسى كەم بولغانلىقى، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇشەققەتلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇشى كەم بولغانلىقى سەۋەبىدىن. كۆپ ھاللاردا ئاسانلا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ. ھەتتا چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كادىرلىرى پارتىيە پرىنسىپىدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇشى، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلغان، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ قۇترىتقۇلۇق قىلغان كىشىلەرنى ئېزىقتۇرغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە، پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تارقىتىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلارنىڭ مۇجمەل تونۇشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى، ئۇلارنى تىنچ-ئىتتىپاق بولغان ئومۇمىيلىقنى قوغداشقا، يامان غەرەزدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ھوشيار بولۇشقا يېتەكلىشى لازىم. بىز مۇشۇنداق قىلغاندا، بەزى ساۋاقداشلار بىزنى ۋاقتىنچە چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. ھەر خىل ئازار يەپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمما پارتىيە ۋە خەلق بىزنى قوللايدۇ. كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلارمۇ بىزنى قوللايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بىر مەھەل چۈشەنمىگەن ساۋاقداشلار مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھامان ھەق بىلەن ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىدۇ. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدۇ. توغرا يۆنىلىشنى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ساۋاقداشلار بىلەن پارتىيە ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا يۈكسەلدۈرۈشكە بىرلىكتە تۆھپە قوشالايمىز.

## بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى

يېقىندا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئايرىم جايلىرىدا بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى ۋە ئايرىم كىشىلەر بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى مەكتەپتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ زىيىنىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈردى. سۆھبەت جەريانىدا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، ئېچىۋېتىشنىڭ ئېلىمىزگە كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا كەڭ-كۇشادە سۆزلەشتى. ئۇلار يەنە ھازىرقى تىنچ-ئىتتىپاق ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، پارتىيە، خەلق يارىتىپ بەرگەن ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەننىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى يەنە 1987-يىللىق 1-مەۋسۇملۇق ئوقۇتۇشنىڭ دەسلەپكى بىرىنچى ھەپتىسىنى مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ھەپتىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. (6)

# ياش تېۋىپنىڭ كارامىتى

ئابلىمىت ھەسەن

ئۆتكەن يىل 10 - ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان كۆڭلۈمنىڭ بىرىدە دوختۇر - سېستىرالار ئىشخانىسىغا بىر ئىش بىلەن كىرىپ قالدىم. ئىشخانىغا كىرىش بىلەن تەڭ تامدىكى قاتار ئېسىلغان لەۋھەلەر، مىننەتدارلىق خەتلىرى، تەقدىرنامىلەر كۆزۈمگە تاشلاندى. بۇ لەۋھەلەردىن ئىككىسىگە: «مۇھەممەد روزى ھاجىمغا تەقدىم: سىلىنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيە، يۇقىرى ماھارەت' بىلەن قېتىرقىنىپ داۋالاش ئارقىلىق مېنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزدۇڭلار، يېڭى ھايات يولىغا ئېرىشتۈرگەنلىكىڭلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن» دەپ يېزىلغان؛ بۇ لەۋھەلەرگە قاراپ مەندە شىپالىق قولى بىلەن بىمارلارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىپلا قالماستىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى بېيىتىش ئۈچۈن مەلۇم تۆھپە قوشقان مۇھەممەد روزى ھاجىمنىڭ دوختۇرلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىش ئارزۇسى تۇغۇلدى ...

مۇھەممەد روزى ھاجىم قارىقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1977 - يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاقساراي يېزىسى شىپاخانىسىدىكى مەشھۇر تېۋىپ — دادىسى مەنسۇر ھاجىمدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىپ، كېسەل داۋالاشتا دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولغان. 1979 - يىلى قارىقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكەلگەن، 1983 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. شۇندىن ئېتىبارەن ئۆز كەسپىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، داۋالاش تەجرىبىسى مول پېشقەدەم تېۋىپلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىشىش، نېرۋا ئاجىزلىق، پالەچ، ئاشقازان، يۈرەك قان تومۇرلىرى قېتىشىش، قەنت سىيىش كېسەللىكلىرىنى مۇستەقىل داۋالىيالايدىغان بولغان.

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەنت سىيىش كېسەللىكىگە گىرىپتار توختى تۆمۈر مەزكۇر شىپاخانىغا قوبۇل قىلىنىپ مۇھەممەد روزى ھاجىم مەسئۇل بولغان 35 - كارىۋاتقا ئورۇنلاشقان. بۇ كېسەل دوختۇرخانىغا يېڭى كىرگەندە كۆپ يەپ، كۆپ ئىچىش، كىچىك تەرەت كۆپ بولۇش، ئورۇقلاش، ماغدۇرسىزلىق ئالامەتلىرى خېلى ئېغىر ئىكەن. مۇھەممەد روزى ھاجىمنىڭ ئىككى ئاي كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن بۇ بىمارنىڭ كىچىك تەرىتى



نورماللىشىپ. سۈيدۈكتىكى قەنت ماددىسى تۈگىگەن، قاندىكى قەنت ماددىسى 140 قا چۈشكەن. بەدەن ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگىرام ئېشىپ قەنت سىيىش كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى تۈگىگەن. توختى ئۆمۈر شىپاخانىدىن چىقىش ۋاقتىدا مۇھەممەد روزى ھاجىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ لەۋھە تەقدىم قىلغان. يەنە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن 50 يۈەن پۇلنى سۇنغاندا، مۇھەممەد روزى ھاجىم: «كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىش بىز دوختۇرلارنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. پۇلنى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا» دەپ پۇلنى ئالمىغان.

1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كۇچا ناھىيىسى ئۈچتۇستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى مۇھەممەد نەجمىدىننىڭ تۇيۇقسىز بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، بېشى قېيىپ راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. سول پۇتى ۋە سول قولىمۇ پالەچ بولۇپ قالغان. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، مەلۇم چوڭ دوختۇرخانىدا مېڭە كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرىدىغان سى تى ئاپپاراتى بىلەن تەكشۈرتكەندە، دوختۇرلار «مېڭە قانلىق ئىششىقى، مېڭە قورۇلغان» دەپ دىئاگنوز قويۇپ، ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن بىمار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئوپېراتسىيە قىلدۇرساق بىرەر كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلمىغان. ئاخىرى بۇ بىمارمۇ تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنىپ مۇھەممەد روزى ھاجىم مەسئۇل بولغان 34 - كارىۋاتقا ئورۇنلاشقان. مۇھەممەد نەجمىدىننىڭ كېسىلىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق دوختۇرلار مېڭە قانلىق ئىششىقى، مېڭە قورۇلغان. مېڭە ئارتېرىيە قان تومۇرى قېتىشقان. نېرۋا ئاجىزلاشقان، سوزۇلما ئاشقازان ياللۇغى، قان ئازلىق كېسىلى دەپ دىئاگنوز قويغان. بۇ كېسەل دوختۇرخانىغا يېڭى كىرگەندە بېشى قاتتىق ئاغرىپ، ئېرىنى قۇرغاقلىشىپ كەتكەن. قانىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرگەندە قىزىل قان ئاقسىلى توققۇز گىرام چىققان. مۇھەممەد روزى ھاجىم زور ئىشەنچ بىلەن داۋالاشقا كىرىشىپ، غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنى تەكشىگۈچى، ئارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ۋە باشقا ئۈنۈملۈك دورىلارنى ئىشلىتىپ ئىككى ئاي ئەستايىدىل داۋالىغان. نەتىجىدە بۇ كېسەلنى ئاپپارات بىلەن تەكشۈرتكەندە مېڭە قانلىق ئىششىقنىڭ دورا بىلەن سۈمۈرۈلۈپ تولۇق ساقايغانلىقى مەلۇم بولغان.

مەن باش تۇيۇپ مۇھەممەد روزى ھاجىمنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى بۇ نەتىجىلىرىگە قايىل بولغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ ماڭا: «مەن پېشقەدەم ئۇستازلىرىم ۋە كەسىپداشلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن داۋالاش تېخنىكامنى ئۆستۈرۈپ مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىشقان، يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش كېسەللەرنى داۋالاشتا ئاز - تولا نەتىجىگە ئېرىشتىم. لېكىن مەن تېخى سەھىيە سېپىدىكى ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنىلا باستىم. بۇ سەپەر تېخى ئۇزۇن. ئۇستازلىرىم ۋە كەسىپداشلىرىمدىن كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي سەۋىيەمنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، بىمارلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا داۋاملىق تىرىشىمەن» دېدى.

مەن مۇھەممەد روزى ھاجىمنىڭ «قېيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن جاسارەتلىك روھ بىلەن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆز تىرىشچانلىقلىرى بىلەن بېيىتىپ، بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتا يەنىمۇ زور نەتىجە يارىتىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ زىيارىتىمنى ئاياقلاشتۇردۇم. (4)

## كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان تېخنىكوم

خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئىلى ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى بىلىمگە تەشنا ياشلاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا.



(1) مەكتەپ مۇدىرى، پېشقەدەم مائارىپچى تۇمەر ئارۇپ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا بىرىپ پىكىر ئالماشتۇرماقتا.



(2) باغۋەنلەر كۆچەت پەرۋىش قىلغاندەك، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەۋلادلارنىڭ مېڭىسىنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشتا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئوقۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى.



(3) ئوقۇغۇچىلار بىكار ۋاقىتلاردىكى 2 - دەرسخانا پائالىيىتىنى بىلىم ئىگەللەش پۇرسىتى دەپ بىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غۇلغۇلا ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرماقتا.



(4) ئۆگىنىش ماتېرىيالى — ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم قورالى. مانا بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش بۆلۈمىدىكى يولداشلار ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، دەرسلىك ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا تۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ، تۈپلەپ تەييارلىماقتا.



(5) ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاۋابىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى سېلىشتۇرۇپ قانائەتلەنمەكتە. (4)

(يالقۇن فوتوسى)

# ئىلىم-پەندىكى بىر قىممەتلىك تىراگېدىيە



فرانسىيە فىزىكا ئالىمى ماكىخ. بلانكى 1900- يىلى زور مىقداردىكى تەجرىبە ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يېڭى تەجرىبە فورمۇلىسىنى تېپىپ چىققان ۋە مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بىر خىل يېڭى نەزەرىيىنى ياراتقانىدى. مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە ئېنېرگىيىنى گويا پىلموتتىن ئېتىلىپ چىققان ئوققا ئوخشاش كىچىك - كىچىك ئېنېرگىيىلىك كۋانتقا ئاجرىتىشقا بولىدۇ ۋە كلاسسىك فىزىكا نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، كلاسسىك فىزىكا نۇر ۋە نۇرلىنىش ئىسسىقلىقى تارقىتىدىغان بىر خىل ئېلېكترو ماگنىت دولقۇنى بولۇپ، ئۇلارغا قاچىلانغان ئېنېرگىيە، پۈتكۈل بوشلۇقتا ئۈزلۈكسىز يامراپ تۇرىدۇ. لېكىن بلانكىنىڭ نەزەرىيىسى نۇر ۋە نۇرلىنىش ئىسسىقلىقى قاتارلىقلارنىڭ نۇرلىنىش ئېنېرگىيىسى بىر تەرەپكە ئۈزلۈكسىز چېچىلىشتىن سىرت، يەنە بىر تەرەپكە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ چېچىلىدۇ.

بلانكىنىڭ نەزەرىيىسى، ھازىرقى زامان فىزىكا ئىنقىلابىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەگەر ئۇ يەنە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بىر قەدەم ئاتمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ پارلاق ھازىرقى زامان فىزىكا بىناسىنىڭ ئاساسچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن بولماسمىدى؟ بىراق. بلانكى يېڭى نەزەرىيە ئالدىدا يۈرەكسىزلىك قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇ نيۇتوننىڭ كلاسسىك نەزەرىيىسىنى مەڭگۈ ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوققا، ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ئاخىرى، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بلانكى مېھرىنى ئۈزەلمەي كېلىۋاتقان نۇرلىنىش ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىدىن ۋاز كېچىپ، ئەنئەنىۋى نەزەرىيىگە قايتىشقا باشلىدى. يېڭى ئىدىيىمۇ قېتىشقا باشلىدى. ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن چەكلىنىپ قالغان بلانكى بىر يولىلا ئۈچ يۈز يىل چېكىنىپ، بەش باھارنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. كېيىنمۇ يەنە ھېچقانداق تۆھپىسى بولمىدى. بولۇپمۇ ئېچىنارلىقى شۇكى. بلانكى ئۆزىنىڭ كونا ئىدىيىۋى قورالدا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن سىرت. ھەتتا ئۇ يەنە ئاشكارا ھالدا، ئېينشتېيننىڭ نەزەرىيىسى ئەڭ چېكىگە يەتكەن نەزەرىيە، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئېينشتېيننىڭ يولى بويىچە ماڭدى.

بلانكى بىر ئىنقىلابچى ئىدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ بىر مەغلۇبىيەتچىمۇ ئىدى. بۇ، ئىلىم - پەن ئالدىدا، ئالغا ئىلگىرىلەشتە، يېڭىلىق يارىتىشتا، كونا كۆز قاراش، كونسېرۋاتىپلىق تۇسقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيىۋى تورغۇنلۇق بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق يېڭى يولغا قەدەم تاشلىغىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۆزلىرى تۆھپە يارىتىشتىن بۇرۇن كونا دەۋرگە چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مانا بۇ — بىر قىسىم مەغلۇپ بولغان ئالىملارنىڭ زور تىراگېدىيىسى ئەمەسمۇ؟ (8)



# نه‌مه‌ ئۈچۈن خه‌لقئارا يىغىنلار جه‌نۋه‌ده‌ ئۆتكۈزۈلىدۇ؟

جه‌نۋه‌ — ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كىچىك دۆله‌ت — شىۋېتسارىيىنىڭ پايتەختى. ئۇ شىۋېتسارىيىنىڭ غه‌ربىي جه‌نۇبىي قىسمىدىكى سۈيى زۇمره‌تته‌ك دولقۇنلاپ تۇرىدىغان لېمان كۆلىنىڭ بويىغا جايلاشقان. كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر توغان بار بولۇپ، ئۇ جه‌نۋه‌ بىله‌ن تۇتاشتۇرۇلغان. كۆلنىڭ ئه‌تراپىنى قاتمۇ - قات تاغلار ئوراپ تۇرغان بولۇپ، تاغ چوققىسىدىكى ئاپئاق قارلار يىل بويى ئېرىمه‌يدۇ. سۈپ - سۈزۈك دۇناي ده‌رياسى شه‌هه‌رنى كېسىپ ئۆتۈپ، جه‌نۋه‌نى كونا ۋه‌ يېڭى ده‌پ ئىككى شه‌هه‌ر رايونىغا بۆلۈۋېتىدۇ. كونا شه‌هه‌ر رايونىدا ئوتتۇرا ئه‌سىرنىڭ نۇرغۇن مه‌شهۇر قه‌دىمىي يادىكارلىقلىرى ۋه‌ مول ئالاھىدىلىككه‌ ئىگه‌ گودىل شه‌كىلدىكى قۇرۇلۇشلار بار، يېڭى شه‌هه‌ر رايونى كۆلنى بويلاپ سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشلىرى، كۆل ياقىلاپ كه‌تكه‌ن ئازاده‌ يوللىرى؛ ئه‌تىرگۈل ۋه‌ باشقا ره‌ڭگاره‌ڭ گۈلله‌ر بىله‌ن تولغان باغچىلىرى جه‌نۋه‌نى ئىنتايىن گۈزه‌ل تۈسكه‌ كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ.

جه‌نۋه‌ دۇنياغا داڭلىق سه‌يلىگاھ بولۇپلا قالماستىن، به‌لكى يه‌نه‌ خه‌لقئارا خاراكتېرلىك شه‌هه‌ر. نۇرغۇن خه‌لقئارا ته‌شكىلاتلار مۇشۇ يه‌رده‌ قۇرۇلغان. مه‌سىله‌ن، بىرله‌شكه‌ن دۆله‌تله‌ر ته‌شكىلاتىنىڭ ياۋروپا ئىش باشقارمىسى، دۇنيا سه‌ھىيه‌ ته‌شكىلاتى، قىزىل كرېست جه‌مئىيىتى ۋه‌ باشقىلار. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مۇھىم خه‌لقئارا يىغىنلارمۇ مۇشۇ يه‌رده‌ ئېچىلغان. مه‌سىله‌ن، 1954 - يىلىدىكى چاۋشيه‌ن مه‌سىلىسىنى تىنچ يول بىله‌ن هه‌ل قىلىش ۋه‌ ھىندىچىنىنىڭ تىنچلىقىنى ئه‌سلىگه‌ كه‌لتۈرۈش مه‌سىلىلىرى مۇزاكىره‌ قىلىنغان. خه‌لقئارا يىغىن؛ 1961 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچه‌ ئېچىلغان لائوس مه‌سىلىسىنى تىنچلىق بىله‌ن بىر ته‌ره‌پ قىلىشنى مۇزاكىره‌ قىلغان خه‌لقئارا يىغىن قاتارلىق يىغىنلار جه‌نۋه‌ده‌ ئېچىلغان.

جه‌نۋه‌نىڭ خه‌لقئارالىق شه‌هه‌ر بولۇپ قېلىشى شىۋېتسارىيىنىڭ بىر ته‌ره‌پ دۆله‌ت بولۇشى بىله‌ن زىچ مۇناسىۋه‌تلىك. شىۋېتسارىيه‌ 16 - ئه‌سىردىن باشلاپ ئىزچىل تۈرده‌ بىر ته‌ره‌پ سىياسه‌ت يۈرگۈزۈپ كه‌لمه‌كته‌. 1815 - يىلى يه‌نه‌ ئۆزىنى مه‌ڭگۈلۈك بىر ته‌ره‌پ دۆله‌ت ده‌پ جاكالىدى. دېمه‌ك، بۇ مه‌يلى ئاده‌تتىكى ۋاقىتلاردا بولسۇن ياكى ئۇرۇش يىللىرىدا بولسۇن، مه‌ڭگۈ بىر ته‌ره‌پ بولۇش دېگه‌نلىك. شىۋېتسارىيه‌ چه‌تنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدىغاندىن باشقا هه‌ر قانداق دۆله‌ت بىله‌ن ئۇرۇشمايدۇ هه‌م ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆله‌تله‌رنىڭ ھېچقايسىسىغا يارده‌م به‌رمه‌يدۇ. باشقا دۆله‌تله‌ر بىله‌ن دۈشمه‌نلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان هه‌رقانداق مه‌جبۇرىيه‌تنى ئۆز ئۈستىگه‌ ئالمايدۇ. جۈملىدىن هه‌ربىي ئىتتىپاققا قاتناشمايدۇ. باشقا دۆله‌تله‌رنىڭ ئۆز دۆله‌ت زېمىنىنى هه‌ربىي مه‌قسه‌تته‌ ئىشلىتىشكه‌ يول قويمايدۇ، شۇڭا تارىختىكى بىر قانچه‌ قېتىملىق خه‌لقئارالىق ئۇرۇشلاردا ۋه‌ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا شىۋېتسارىيه‌ زېمىنى ئۇرۇش ئوتىنىڭ زىيان - زه‌خمىتىگه‌ ئۇچرىمىغان. شىۋېتسارىيه‌ بىرله‌شكه‌ن دۆله‌تله‌ر ته‌شكىلاتىغىمۇ ئه‌زا ئه‌مه‌س.

جه‌نۋه‌ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇشۇنداق تىنچ، بىته‌ره‌پ شارائىتتا تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگه‌ كىلىماتى مۆتىدىل، مه‌نزىرىسى گۈزه‌ل بولغانلىقى سه‌ۋه‌بىدىن ته‌بىئىي ھالدا خه‌لقئارا يىغىنلار ئۆتكۈزۈلىدىغان ياخشى جاي بولۇپ قالدى. (6)

# يالغان گەپ قىلماسلىق



1. 1959 - يىلى مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي خاتا پىپەن قىلىنىپ، ئەمەلى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ۋۇجيا باغچىسىغا بېرىپ ماكانلاشتى. ئۇ دائىم بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاممىغا ياردەملىشىپ، ئىش قىلىشىپ بېرىدۇ.



2. بىر كۈنى مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي تامنىڭ سىرتىدىكى بىر توپ دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جىيەن قىزى مېي كۇدىن: «قارىغىنە، نېمە ئۈچۈن بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى يوق» دەپ سورايدۇ. مېي كۇ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ نامرات ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ دەرەخ يوپۇرمىقىنى ئاشلىق ئورنىدا يەۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالماي ئاغىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. دە، گەپ قىلمايدۇ.



3. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي: «سىلەرنىڭ ئاۋۇلىڭلاردا ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار بارمۇ - يوق» دەپ سورايدۇ. مېي كۇ بېشىنى چايقاپ دۇدۇقلاپ: «يوق ... يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

4. يولداش پېڭ دېخۇەي مېي كۇنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پېدىگەن مايسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «پېدىگەن يالغان چېچەكلىمەيدۇ، كىچىك بالا يالغان گەپ قىلمايدۇ!»، «مەن سېنىڭ نام - مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىكىڭنى، لاپ ئۇرماسلىقىڭنى، خۇشامەتچىلىك قىلماسلىقىڭنى، يۇۋاش ئادەم بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن!» دەيدۇ.



5. مېي كۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئېلىپ: «ئاغا مەن چوقۇم سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن يالغان گەپ قىلمايمەن!» دەيدۇ.



## جۇدې توپ مەيدانىدا

يولداش جۇدې تەنتەربىيە ھەۋەسكارى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە قاتناشقانلارغا ئەمەل قىلىشنىڭمۇ ئۈلگىسى ئىدى. يەنئەندىكى چاغلاردا باش قوماندان جۇدې يەنئەندىن قىزىل ئارمىيە مەكتىپىدە كۆپىنچە دېگۈدەك كۆپچىلىك بىلەن ۋاسكېتبول ئوينايتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە توپ ئوينايدىغانلار كۆپ بولغانلىقتىن بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. باش قوماندان جۇدېمۇ ھەر قېتىم كۆپچىلىك بىلەن بىر قاتاردا گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرۇۋالاتتى. بىر كۈنى كۆپچىلىك ئۇنىڭغا چىدىماي: «باش قوماندان، سىز ئالدىدا ئويناڭ» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. جۇدې: «نۆۋەت كەلسۇن» دېدى. قىستاشلا قىلىشىپ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەممىسىلىك بىلەن: «سىز بولسىڭىز باش قوماندان، ئالدىدا ئويناۋېرىڭ» دېيىشتى. جۇدې قىزغىنلىق بىلەن: «ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. توغرا، ئۇرۇش مەيدانىدا مەن باش قوماندان. بىراق توپ مەيدانىدا بولسا مەن كۆپچىلىككە ئوخشاش بىر توپچى» دېدى. (8)

## تاۋجۇنىڭ چاقچىقى

يولداش تاۋجۇ 1933-يىلى 5-ئايدا خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن شاڭخەيدە گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

بىر كۈنى تۈرمىگە قارايدىغان گۇندىپاي تاۋجۇ ياتقان كامېرنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيدۇ. تۈرمىداشلار تاۋجۇنى دۈشمەنلەر ئەتە ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ھەممىسى پۇل يىغىشىپ بىر قاچا گۆشلۈك تاماق ئالدۇ-دى. ئۇلار تاۋجۇغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقچى بولدى. تاۋجۇ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇنداق ئاسان ۋىدالىشىشمۇ بولامدۇ؟ ياق. خەير-خوش ئۇ دۇنيا» دېدى-دە. يولداشلارغا ئىلھام بەردى. ئىككىنچى كۈنى دۈشمەنلەر تاۋجۇغا خاتالىق قىلغان ۋاقىت ئەتىگەنكى ئېتىپ تاشلايدۇ. تۈرمىداشلار بۇنى كۆرۈپ تاۋجۇغا: «سىز بىزنىڭ گۆشلۈك تامىقىمىزنى يەۋېلىپ نېمە ئۈچۈن ئۆلمەيسىز؟» دەپ چاقچاق قىلىشتى. تاۋجۇمۇ چاقچاق ئارىلاش: «ئۇلار مېنى ئاتمىسا نېمە ئامال. سىلەر گۆشلۈك تاماقنى قايتا ئېلىپ كېلىڭلار. مەن يەنە يەيمەن» دېدى. (8)

## ستالىننىڭ كىتاب ئوقۇش ئۆلچىمى

تۆۋەنچى قىسىملارنىڭ بەزى كوماندىرلىرى ستالىننى يوقلاپ كەلگەندە، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ستالىنغا نۇرغۇن كىتابلارنى ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

شۇ چاغدا بىر كوماندىر ستالىندىن: «بۇنچىۋالا كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇشقا ۋاقتىڭىز يېتەمدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ستالىن كۈلۈپ تۇرۇپ: «ۋاقتىم قانچە ئالدىراش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن ھەر كۈنى 500 بەت كىتاب ئوقۇيمەن. بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم. چۈنكى مەن تۈرمىدە ياتقان كۈنلەردە، سۈرگۈندە يۈرگەن چاغلاردا بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن. سىلەرمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. كىتابلار ھەقىقەتەن دۆۋىلىنىپ كەتتى» دەيدۇ. (8)



# ئىش كۆتۈپ تۇرغان ئىتتىپاق ئەزالىرىنى...

يولداش مۇھەررىر:

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىلى بىر يىلدىن ئاشتى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۆتەلمىدىم. ھازىر ئائىلەمدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مېنىڭ ئاساسلىق ئىپتىماقچى بولغىنىم. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە. ئۆزەم ئىلتىماس قىلىپ. تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىنغان. ھازىر بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي ئائىلەمدە ئىش كۈتۈپ تۇرساممۇ. ئۆزەمنىڭ ئىتتىپاق ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئىتتىپاق پائالىيەتلىرىگە قاتناشماقچى بولغان بولساممۇ. مېنى باشقۇرىدىغان ئىتتىپاق تەشكىلاتىنى تاپالمىدىم. يولداش مۇھەررىر: ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىتتىپاق ئەزالىرىنى قايسى ئورۇن باشقۇرىدۇ؟ ئۈرۈمچىدىن: ھەجەر

يولداش ھەجەر:

ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ياشلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئۇلار قەيەردە تۇرغان بولسا شۇ يەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى باشقۇرۇشى لازىم. ئۇيىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ياكى يەككە ئەمگەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىتتىپاق ئەزالىرى تەشكىلىي مۇناسىۋەتلىرىنى مەھەللە ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا يۆتكىشى ھەمدە شۇ يەردە تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى. ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشى كېرەك. (6) — مۇھەررىر

# ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنىڭ راستىن رولى قالمىدىمۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

ئىتتىپاق ياچېيكىمىز يېقىندا زاۋۇتىمىزدىكى ياشلار ئارىسىدا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يىغىن ئاچقان ئىدى. يىغىندا قىسمەن ياچېيكا ھەيئەتلىرى زاۋۇتىمىزدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى چىڭ تۇتمىساممۇ بولىدۇ دەپ بۇ ئىشقا سەل قاراۋاتىدۇ.

يولداش مۇھەررىر: مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ راستىن رولى قالمىدىمۇ؟ بۇ توغرىدا چۈشەندۈرۈش بەرسىڭىز؟ قەشقەر شەھىرىدىن: ھۈسەن

يولداش ھۈسەن:

ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ماددىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت كىشىلەرنىڭ كوممۇنىستىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. مەسئۇلىيەت تۈزۈمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق. كەڭ ئاممىغا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ. مەسئۇلىيەت تۈزۈمنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز. مەسئۇلىيەت تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز. ھەر خىل ناتوغرا ئىدىيىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە. ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ شەخسىي. كوللېكتىپ. دۆلەت مەنپەئەتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغىنىمىزدىلا مەسئۇلىيەت تۈزۈمنىڭ ئۈستۈنلۈك ئېلىپ بېرىلىشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلالايمىز. (6)



# ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى دېگەن نېمە؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى توغرىلىق خەۋەرلەرنى گېزىتلەردىن كۆرۈپ تۇرىمەن، رادىئودىن ئاڭلاپ تۇرىمەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ قانداق تەشكىلات ئىكەنلىكى، قاچان قۇرۇلغانلىقى، قايسى ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ساۋاتلارنى بىلىۋېلىشقا تولىمۇ قىزىقاتتىم. مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەنلىرى مېنى قايىل قىلالمىدى. شۇڭا بۇ توغرىلىق كونكرېت چۈشەنچە بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

لوپنۇر ناھىيىسىدىن: غازى ياسىن.

يولداش غازى:

ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى — غەربىي ياۋروپا ئورتاق بازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز بىز ئادەتتە دەپ كېلىۋاتقان «سودا ـ سېتىق بازىرى» ئەمەس. بەلكى ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي تەشكىلات.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ كونتروللۇقى ۋە تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشتا يالغۇز ئۆزىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى كۆرۈۋالدى. شۇڭا 1958 ـ يىلى فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلدى. ئورتاق گەۋدە ئالدى بىلەن بىر قاتار تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرلەشتى. مەسىلەن، ئورتاق گەۋدە ئىچكى جەھەتتە چېگرا بېجىنى (دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مال ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلغاندا ئېلىنىدىغان باج چېگرا بېجى دەپ ئاتىلىدۇ) پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇردى. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەركىن سېتىشقا يول قويۇپ، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. ئورتاق گەۋدە سىرتىدىكى دۆلەتلەرگە قارىتا بىر تۇتاش چېگرا بېجىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تاۋارلىرىنىڭ خالىغىنىچە ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلىدى. ئورتاق گەۋدىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئاساسەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بىر تۇتاش بەلگىلىدى. سىياسىي جەھەتتە تاشقى سىياسەتتىكى بەزى زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئورتاق مەيدان قوللىنىش، «ئوخشاش تەلەپپۇزدا سۆزلەش» توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچقاندەك تېز بولدى ۋە بارغانسېرى چوڭ بولدى. 1973 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە، ئىرلاندىيە، دانىيە ۋە گرېتسىيىدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ئەزا بولۇپ قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن ھازىر ئەزا دۆلەتلەر ئونغا يەتتى. 1975 ـ يىلى دۆلىتىمىز ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىنىڭ باش شتابى بېلگىيە پايتەختى بريۇسسېلدا. (6)



# قانداق قىلغاندا ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ

مەھمۇد داۋۇت

دوستلۇق — ياشلار ئارىسىدىكى بىر خىل يېقىنچىلىق، شۇنداقلا ئىنساندىكى گۈزەل ھېسسىياتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئالىيجاناپلىق ئەخلاقىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ياشلار ئۆز تەڭتۇشلىرى ئىچىدىن ئۆزى بىلەن مەلۇم ئورتاقلىقى بولغان ياشلار بىلەن دوست بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. ھەقىقىي دوستلۇقنى قولغا كەلتۈرۈشتە سەمىمىيلىك، كۆڭۈل بۆلۈش، كەمتەرلىك بىلەن قەتئىي ئىرادە قاتارلىقلار مۇھىم ئامىل.

دوست تۇتۇشتا كۆيرەك كۆزىتىپ، كۆپرەك چۈشىنىش ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاتقىلى، قىزىقىش، ھەۋەس، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئىنچىكىلەپ كۆزەتمەستىن بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىپلا ئاپاق - چاپاق بولۇپ دوستلۇق ئورناتقاندا بۇنداق دوستلۇق ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئاخىرى ئايرىلىپ كېتىش بىلەن تاماملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئەقىدىلىرىگە پۇشايمان قىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ياش بىراۋ بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچرىشىپلا دوست بولۇشقا ئالدىرىماسلىقى كېرەك. «ئۆزىنىمۇ بىلىش، ئۆزگىنىمۇ بىلىش» دېگەن تەمسىلنى دوست تۇتۇشقا تەتبىقلاش ھەم مۇمكىن.

ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا سىنىشىپ دوست بولغاندىن كېيىن، جەزمەن بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. بىردە: «ئىززەت قىلساڭ ھۆرمەت تاپارسەن» دېگەن تەمسىل بار. پەقەت ئۆزئارا سەمىمىي مۇئامىلە، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقلا دوستلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. دوستلار ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشقان مەزگىللەردە بىر - بىرىگە ئىشىنىشى، باشقىلارنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە قەتئىي ئىشەنمەسلىكى كېرەك. دوستلۇققا تەسىر يېتىدىغان گەپ - سۆزلەر قۇلاققا يېتىپ قالسا، شۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ قارشى تەرەپكە باشقىچە مۇئامىلىدە بولماسلىق كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە قارشى تەرەپ بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىپ، توغرا تونۇشقا كېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

دوست تاللاشتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك. دوستلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ قەتئىي ئىرادىلىك، خىزمەتتە ئىلغار، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچلۈك ئىنتىلىدىغان بولسا، سەنمۇ مۇقەررەر يوسۇندا دوستۇڭنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ئۆگەنمەي قالمايسەن. يەنە بەزى ياشلار دوستلىرى ئازراق كەمچىلىك - خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىسىلا، ئۇنىڭدىن ئاسانلا يۈز ئۆرۈمەكچى بولىدۇ. بۇ ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. شۇ ياش كەمچىلىك - خاتالىق ئۆتكۈزگەن دوستىنى قۇتقۇزۇپ قالغۇدەك بولسىلا، جەزمەن ئەستايىدىللىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، توغرا يولغا باشلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي دوستلۇقنى يەتكۈزگەن بولىدۇ.

دەۋرىمىزدە ھەقىقىي دوستلۇقنى يولغا قويۇشقا ئىمكانىيەت ئىنتايىن كەڭ. ھەقىقىي دوستلۇقنى ۋەتەن، خەلقىمۇ چىن قەلبىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ. (6)




تۇردى ئەبەيدۇللا

كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ھۆسن خەتلەرنى يېزىپ كېلىۋاتقان ياش خەتتات ئابلىكىم ئەمەت 1963 - يىلى خوشنۇت ناھىيەسىدىكى بىر ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ 1981 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندۇ. 1983 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خوشنۇت ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندۇ.

يولداش ئابلىكىم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن باشلاپلا ھۆسن خەتكە قىزىقىشقا باشلايدۇ، ئۇ رەسىم، ھۆسن خەت دەرسى ئۆتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ئاڭلايدۇ. بوش ۋاقىتلارنى قولدىن بەرمەي مەشىق قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، رەسىم ۋە ھۆسن خەت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ رەسىم سىزىش ۋە ھۆسن خەت يېزىش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ بارىدۇ. لېكىن ئابلىكىمنىڭ دادىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنى رەسىم سىزىشتىن قاتتىق توسىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ دادىسىدىن يوشۇرۇنچە رەسىم، ھۆسن خەت يېزىشنى مەشىق قىلىدۇ. 1982 - يىلى ئۇيغۇر كونا يېزىقى قايتىدىن ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئابلىكىمنىڭ ئەسلى ئۆگەنگىنى ۋە ھۆسن خەت مەشقى يېڭى يېزىق بولۇپ، ئۇ كونا يېزىقتا ساۋات چىقىرىشقا ۋە كونا يېزىقتا ھۆسن خەت يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ گېزىت - ژۇرناللاردىكى ھۆسن خەتلەرنى ئۈلگە قىلىپ تىرىشىپ مەشىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك مەشىقتىن كېيىن يازغان 84 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسن خەت ۋە تامغىلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئابلىكىم خىزمەتكە قاتناشقان ئۈچ يىلدىن بېرى ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئىدارىلەرنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى يېزىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھۆسن خەت ئۆگىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ تۇتۇپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە تەكلىپ بېرىپ، بۇ يىل 5 - ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ھۆسن خەت كۇرۇژكى تەشكىللەيدۇ. ئۇ بۇ يىل 8 - ئايدىن باشلاپ ئوبرازلىق ھۆسن خەتكە ئۇتتۇش قىلىپ، ھازىرغىچە «ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئون پارچىدىن ئارتۇق ئوبرازلىق ھۆسن خەت ئېلان قىلىدۇ. بولۇپمۇ «ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ بۇ يىل 4 - سېنتەبىردىكى سانىغا، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 86 - يىللىق 12 - سانىغا بېسىلغان «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «ئۆمۈر — ئاتقان ئوق» قاتارلىق ئوبرازلىق ھۆسن خەتلىرى كىتابخانىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن ياش خەتتات ئابلىكىم ئەمەت ھازىر ھۆسن خەت گۈلزارىدا رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. بىز بۇ ياش سەنئەتكارنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمىز. (6)



# ئالەم بوشلۇقىدا دورا ياساش

ھازىر چەت ئەل ئالىملىرى ئالەم بوشلۇقىدىكى ئېغىرلىق يوقىتىلغان مۇھىتتىن پايدىلىنىپ. يەرشارىدا ئىشلەپچىقىرىش تەس بولغان ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا ئامال بولمىغان قىممەتلىك ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە دورىلارنى ياساپ چىقىشنى پىلانلىماقتا. ئېغىرلىق يوقىتىلغان مۇھىت ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى بويسۇندۇرۇشىغا ھەم پايدىلىق ھەم پايدىسىز. چۈنكى ئېغىرلىق يوقىتىلغان مۇھىت ئاستىدا، ئادەمنىڭ سۆڭىكى، يەر شارىنىڭ ئېغىرلىق رولىغا يەنە بەرداشلىق بېرىش زۆرۈرىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سۆڭەكنىڭ زىچلىقى تۆۋەنلەپ، سۆڭەك بوشىشىش كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئالەم قاتنىشى خادىملىرى يەر شارىغا قايتقاندىن كېيىن ئاسانلا سۆڭىكى سۇنۇپ كېتىدۇ. ھازىرچە تېخى بۇ بىر تەس مەسىلىنى يېڭىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تېپىلمىدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئالەمگە يۈرۈش قىلىشىغا نىسبەتەن بىر چوڭ توسالغۇ. شۇنداقتىمۇ، كىشىلەر بۇ بىر ئېغىرلىقنى يوقىتىش مۇھىتتىن پايدىلىنىپ. يەر شارىدا ئىشلەپ چىقىرىشقا ئامال بولمىغان ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ ۋە ناھايىتى مول ئىلمىي ئۈنۈمگە ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئالەم بوشلۇقىدا بولسا، دۇغ قاتارلىق ئامىللارنىڭ توسقۇنلۇقى بولمىغانلىقتىن، سۇيۇقلۇقنىڭ زىچلىقى تەكشى بولۇپ، ئارىلاشما زەرەت بىلەن دورا زەرەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى جايىدا تۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئارىلاشما، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئوڭايلا ئايرىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئوروكىنازا قان نوكچىسى قوزغىغان تۇيۇكە كەپلەشمىسى ۋە يۈرەك ۋە ئېپلىشىشقا شىپا بولىدىغان ياخشى دورا. نۆۋەتتە بۇ دورىنىڭ بىرسى 1000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق بولغان. ئامېرىكىدا مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىر مىليون كىشىنىڭ كۆپ قىسمى بۇ دورىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالماي. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ كىشى ھاياتىدىن ئايرىلماقتا. ئالەم ترانسپورت ئايروپىلانىدىكى تەجرىبە شۇنى بىلدۈردىكى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئوروكىنازا ھۈجەيرىلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ئايرىلىپ ۋە تازىلىنىپ. يەر شارىدىكىگە قارىغاندا ئون ھەسسە ئارتۇق ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. باشقا دورىلارنى ياساش تەجرىبىلىرى يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئالەم بوشلۇقىدا ئوخشاش ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئىشلەپ چىقىرىلغان دورىلارنىڭ ساپلىقى يەر شارىدىكىگە قارىغاندا تۆت بەش ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. ئىشلەپ چىقىرىش ئۈنۈمى 400 ـ 800 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدا بىر ئايدا ئىشلەپ چىقىرىلغان دورا مىقدارى، يەر شارىدا 30 يىلدا ئىشلەپ چىقىرىلغان دورا مىقدارى بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

نۆۋەتتە، ئالەم بوشلۇقىدا دورا ياساش سىناق باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئادەم ترانسپورت ئايروپىلانىدا ياسالغان بەزى دورا نۇسخىلىرىمۇ ھايۋاناتلار ياكى كلىنىكا ئۈستىدە ئىشلىتىپ باقمىدى. چەت ئەل ژۇرناللىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئالەم بوشلۇقى دورا زاۋۇتى يەر شارىدا ھازىر بار بولغان دورىلارنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن سىرت، يەنە نۆۋەتتە يەر شارىدا ئىشلەپ چىقىرىشقا ئامالسىز بولغان، داۋالاش قىيىن بولغان ياكى داۋالىغىلى بولماي كېلىۋاتقان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان بەزى دورىلارنى ياساپ چىقىدىكەن. (8)

# قانداق قىلغاندا ئىستىپاققا ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ



ئىستىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ئىستىپاققا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىدىغان ياچېيكا يىغىنىنى ياچېيكىدىكى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىستىپاق ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قاتناشقاندا، ئاندىن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئىستىپاققا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىنىدىغان ياچېيكا يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

1. ئىستىپاققا كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ياش ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى، ئائىلە ئەھۋالىنى، ئىستىپاققا كىرىش مۇددىئاسىنى ۋە ئىستىپاق تەشكىلاتىغا بولغان تونۇشىنى دوكلات قىلىدۇ. ئىستىپاققا كىرىش تەلەپنامىسىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ.

2. تونۇشتۇرغۇچىلار ياچېيكا يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلغۇچىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پىكرىنى قويىدۇ.

3. ياچېيكا ۋەكالىتەن ئىستىپاققا كىرىشنى تەلەپ قىلغۇچى ياشنى تەكشۈرۈش پىكرىنى دوكلات قىلىدۇ.

4. يىغىنغا قاتناشقان ئىستىپاق ئەزالىرى ئىلتىماس قىلغۇچى ياش ئىستىپاققا كىرىش شەرتىنى ھازىرلىدىمۇ-يوقمۇ دېگەننى چۆرىدىگەن ھالدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، تولۇق پىكىر بايان قىلىدۇ.

5. ئىستىپاق ئەزالىرى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىدۇ. ئاۋاز بەرگەن چاغدا، قوشۇلىدىغانلارنىڭ سانى يىغىنغا قاتناشقان ئىستىپاق ئەزالىرى سانىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلسا، ئاندىن ماقۇللانغان ھېسابلىنىدۇ.

6. ئىستىپاققا كىرگۈچى ياش ئىپادە بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئويپىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

7. ياچېيكا كومىتېتى ياچېيكا يىغىنىنىڭ ئىستىپاققا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى، جۈملىدىن يىغىنغا قاتناشقان ئىستىپاق ئەزالىرى سانىنى، ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىنى ئىستىپاققا كىرىش تەلەپنامىسىنىڭ «ياچېيكا يىغىنىنىڭ قارارى» دېگەن گراپىسىنى تولدۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىپاق كومىتېتىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللايدۇ.

يېزا ئىستىپاق ياچېيكىلىرى ئىستىپاق ئەزالىق بەدىلىنى قانداق يىغىشى لازىم؟

ئىستىپاق ياچېيكىسى ئىستىپاق ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىق ھالدا بەلگىلىمە بويىچە ئىستىپاق ئەزالىق بەدىلىنى تۆلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن سىرت، ئۇلارغا ئىستىپاق ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇش ھەر بىر ئىستىپاق ئەزاسىنىڭ ئىستىپاق تەشكىلى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق ئىستىپاق تەشكىلاتىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى ئىستىپاق ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي كۆز قارىشىنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

يېزىدىكى ئىستىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىستىپاق ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشىغا دائىر كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. يېزىدىكى ئىستىپاق ئەزالىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم بەش پۇڭ ئىستىپاق ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرىدۇ.

2. يېزا - كەنت كارخانىلىرىدىكى ئىستىپاق ئەزالىرى ئەگەر مۇقىم كىرىمى بولسا، ھەر ئايدا ھەر ئايلىق ئەمگەك كىرىمى بويىچە ئىستىپاق ئەزالىق بەدىلى

تاپشۇرىدۇ. يەنى: ئايلىق ئەمگەك كىرىمى 51 يۈەندىن تۆۋەنلەر كىرىمىنىڭ 0.3% ىنى تاپشۇرىدۇ؛ 51 يۈەندىن 101 يۈەنگىچە بولغانلار كىرىمىنىڭ 0.5% ىنى تاپشۇرىدۇ؛ 101 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ ھەممىسى بىر يۈەن تاپشۇرىدۇ. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كۆپرەك تاپشۇرغۇچىلار بولسا چەكلەنمەيدۇ.

3. تۇراق مۇددەت سىرتتا ئىشلەيدىغان ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ھەر پەسىلدە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 پۇڭ ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرسا بولىدۇ.

4. مۇقىم كىرىمى بار، ياكى دائىملىق ئەمگەك كىرىمى بار ئىتتىپاق ئەزالىرى تاپشۇرىدىغان ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنىڭ مىقدارىنى ھېسابلىغان چاغدا، ۋاقىتلىق كىرىملەرنى، مەسىلەن، ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم پۇلى، دالا قوشۇمچە پۇلى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ياردەم پۇلى ۋە قەلەم ھەققى، مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى كىرىم ئىچىگە قوشۇپ ھېسابلىماسلىقى لازىم.

ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنى قانداق ئىشلىتىشى ۋە باشقۇرۇشى كېرەك؟

ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇۋېلىشقا تەربىيىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلارنى ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنى ياخشى يىغىشى، باشقۇرۇشى ۋە ئىشلىتىشىگە نازارەت قىلىشقا تەربىيىلەش لازىم. ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنىڭ كىرىم-چىقىم دەپتىرى تۇتۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنىڭ كىرىم-چىقىم ئەھۋالىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرۇشى لازىم، يېزىلىق، بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتلىرى (باش ياچېيكىلىرى) يېرىم يىلدا، ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئېلان قىلسا بولىدۇ. ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنى نىسبەت بويىچە قالدۇرۇپ ئىشلىتىشتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. ئىتتىپاق ئەزالىق بەدەل پۇلىنى ئاساسلىقى ئىتتىپاق پائالىيىتى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى زۆرۈر چىقىملارغا، مەسىلەن، ئۆگىنىش ماتېرىيالى بېسىش، ئالاقىدار كىتاب-ژۇرناللارنى سېتىۋېلىش، ئىتتىپاق گېزىتى، ئىتتىپاق ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش لازىم. ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى يىغىش، يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، ئىشلىتىش ھېساباتى ئېنىق بولمىغانلارنىڭ ھېساباتىنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش؛ ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكەن، خىيانەت قىلغانلارنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش، ئۇلارغا تەنقىد-تەربىيە بېرىش، قىلمىشلىرى ئېغىرلىرىغا يەنە زۆرۈر جازا بېرىش، بۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقنىڭ ئىنتىزامىنى چىڭىتىش لازىم.

### ياش-ئۆسمۈرلەرگە...

بىزنىڭ ياش ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاق [illegible] تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمىز تۆۋەندىكى تۆت جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۇلاردا مىللىي غۇرۇر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپتىخارنى يېتىلدۈرۈش؛

2. ئۇلاردا كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىلدۈرۈپ، كىچىكىدىن ئارتىپلا باشقىلار ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن دەيدىغان ياخشى ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش؛

3. ئۇلاردا كىچىكىدىن ئارتىپلا ئەمگەكنى سۆيىدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەيدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش؛

4. ئۇلاردا قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان، ئىجتىھات قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياخشى خىسلەت ۋە ئىستىلنى يېتىلدۈرۈش. (4)



# ئاڭلىقلىق - ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاچقۇچ

ياقۇپ ئوسمان

سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى ئىنتىزام ئىنسانىيەت تارىخىدىكى باشقا ھەرقانداق ئىنتىزاملاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق رىئايە قىلىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بىزنىڭ دۆلەت قانۇنىمىز، قائىدە - تۈزۈملىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ تۈپ، جانجان مەنپەئىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كىشى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ.

شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بىلىش كېرەك. جەمئىيىتىمىزدىكى ئىنتىزام، قانۇن، ئەمىر - پەرمانلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا قەدەممۇ - قەدەم يەكۈنلىنىپ چىققان قانۇنىيەتلىك نەرسىلەردۇر. ئۇنىڭدا شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئىنتىزام قارىماققا كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. لېكىن بۇ چەكلىمىلەر زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئىنتىزامنى ماھىيەت جەھەتتە چۈشەنگەندە، ئاندىن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شەخسلەر ئۆزىنى كوللېكتىپ ئىچىگە قويغان، كوللېكتىپتىن ئايرىلمىغان، كوللېكتىپنىڭ شەخسكە بولغان ھەقىقىي چەكلىمىسىگە ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچالايدۇ. ياشلار بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

دۇنيادا تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئۆز ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەمەس. بىز كوللېكتىپ بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان ۋاقتىمىزدا بولسۇن ياكى يەككە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا بولسۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلماي، ئىشقا كېچىكىپ چىقىپ، بالدۇر قايتىپ، خىزمەت ۋاقتىدىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىمەيدىغان بولساق، دەۋرنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىگە ھەرگىز يېتەلمەيمىز.

ئىسلاھات داۋامىدا بىزنى نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن يۈكسەك پەن - بىلىم، قەتئىي ئىرادە بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئادىتىنىمۇ يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ھەممە ۋاقىت ئۆزىمىزنى ئىنتىزام ئارقىلىق چەكلەپ تۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن دۆلەتكە، باشقىلارغا، ئۆزىمىزگە زىيان سېلىشتىن ساقلىنالايمىز. ئىنتىزام بولمايدىكەن، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن، ئىنتىزاملارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەممە ئادەمگە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا يېتەكلىشىمىز، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغۇچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. (6)



# ياشلار توغرا بەخت قارشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك

مۇھەممەد ياسىن

ھازىر تۇرغۇزۇلىغان ياشلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا قارىتىپ. ئۇنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلغان بولسا. يەنە بەزى ياشلار ئۆزىنىڭ خۇسۇسى «بەخت» نى بىرىنچى ئورۇنغا قويماقتا.

بەخت دېگەن نېمە؟ ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزىنىڭ غايىسىنى ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە تولۇپ بەتكەندىن كېيىن. پەيدا بولغان روھىي جەھەتتىكى قانائەتلىنىشتۇر. بەخت غايە بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن. بىر ئادەمنىڭ بەخت قارىشى شۇ ئادەمنىڭ بەخت كۆز قارىشى ۋە غايىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى. بەختكە تەلپۈنمەيدىغان. ئۇنى قوغلاشمايدىغان بىرمۇ كىشى يوق. بىراق قانداق قىلغاندا ئۇنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ياشلارنىڭ ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

ماركسنىڭ قىزى دادىسىدىن بەخت توغ-رىسىدىكى قارىشىنى سورىغىنىدا. ئۇ: «كۆرەش — بەخت دېمەكتۇر.» دېگەنىدى. بۇ پرولېتارىياتنىڭ بەخت كۆز قارىشى بولۇپ. كوممۇنىستىك غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇتتۇرىسىدا روشەن ئىچكى باغلىنىش بار. بۇ يەردە ماركس ئېيتقان كۆرەش ئالدى بىلەن كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن قىلىنغان كۆرەشتۇر. شۇنداقلا بۇ كۆرەش ماددىي تۇرمۇشنى يارىتىپلا قالماستىن. بەلكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىمۇ يارىتىدۇ. بىز بەخت توغرىسىدا سۆزلىگىنىمىزدە ئەزەلدىن ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى يارىتىشنى بىرلىكتە تەكىتلەپ كەلدۇق.

كۆرەش — بەختكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى. بەختمۇ كۆرەش ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سان - ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پىداكارانە روھىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى. ئۇلار ئۇلۇغ غايىگە ئېرىشىش ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى كۆزلەشتە پەقەت ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى. ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇشنى بەخت دەپ قالماستىن. بەلكى كۆرەشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى ئىچىدە بەختنىڭ تەمىنى تېتىغان.

ھازىرقى باسقۇچتا بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتىمىز. دەۋرىمىز ئۈچۈر باسقۇچىدا تۇرماقتا. بىز ھەقىقىي بەخت قارىشىنى ئورغۇتىمىز دەيدىكەنمىز. ۋەتەن. مىللەتنى كۆزدە تۇتۇپ ياشلىق باھارىمىزنى ئورغۇتۇپ. زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشىمىزغا يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا چوڭ كۆڭۈل بۆلۈپ. كۆرەش جەريانىدا ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئورغۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ. كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋېلىپ مۇتەئەسسىپلىك قىلىشتەك. روھىي بىر يۈزلىنىشلىرىمىزنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

# «قورغاس» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى «قاياس» ھەققىدە

ئابدۇساتتار ناسىرى

قورغاس ناھىيىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ سۇيى مول. يېرى مۇنبەت شۇنداقلا تارىخى ئۇزۇن قەدىمكى قەلئە شەھىردۇر. قورغاس شەھىرىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە قورغاس دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھەر خىل يېزىلغان. «غەربىي يۇرت تارىخىدىن خاتىرىلەر» ناملىق كىتابتا: «قورغاس — جۇڭغار تىلى بولۇپ. مال يايلىقى(ئوتلاق) دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. يۇقىرىقى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا. قورغاس شەھىرىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە قورغاس نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى جۇڭغارلار دەۋرى (17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى) بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى. قورغاس جۇڭغارلار دەۋرىگە ئەمەس. بەلكى ئۇيغۇر خانلىقى (646 ـ 846) دەۋرىگە مەنسۇپ شەھەر بولۇپ. 1000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە.

ھۆججەتلىك پاكىتلارغا ئاساسەن. قورغاسنى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا. تىلغا ئالغان قاياس شەھىرىنىڭ ئۆزى. دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق. «قاياس» سۆزى «قۇياس» قا. كېيىنچە «قورغاس»قا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. «ي» ھەرپى بىلەن «ر» ھەرپىنىڭ ئالمىشىشى ئۇيغۇر تىلى شىۋىلىرىدا داۋاملىق ئۇچرايدىغان ھادىسە.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قاياس — توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئىبتى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى «سابلىغ قاياس». ئىككىنچىسى «ئورۇڭ ـ قاياس». ئۈچىنچىسى «قارا قاياس» (ئۈچىنچى توم. 236 ـ بەت). شۇ تومنىڭ 241 ـ بېتىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان: «كەيكەن. قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئىبتى. ئۇنىڭ بىرسى «كىچىك كەيكەن» دېيىلىدۇ. بۇ كىچىك. يەنە بىرسى «ئۇلۇغ كەيكەن» دېيىلىدۇ. بۇ چوڭدۇر» (كەيكەن — قورغاس ناھىيىسىدىكى كېگەن ئېغىزىدىن باشلىنىپ. ئىلى ۋادىسىغا ئېقىپ چۈشىدىغان چوڭ سۇ بولۇپ. ھازىرمۇ «چوڭ كېگەن». «كىچىك كېگەن» (كەيكەن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ھازىر كېگەن مال فېرمىسى بار).

مەھمۇد قەشقەرى قاياس شەھىرىنى ئۆز. ئەسىرىدە بىر قانچە جايدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مەسىلەن. «قۇياسلىق. قۇياسلىق ئەر. قۇياسلىق ئادەم. قۇياس شەھىرىدىن بولغان ئادەم» (ئۈچىنچى توم). «چىگىل.ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى: بىرىنچىسى بارىسخاننىڭ ئۇۋەن تەرىپىدىكى «قۇياس» شەھەر چېتىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر...» (بىرىنچى توم).«توخسى» قۇياستا ياشايدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى. «توخسى چىگىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.»

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توخسى. چىگىل ۋە بۇلاق قەبىلىلىرى — ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى ئوتتۇز قەبىلىسىدىن بولغان قارلۇقلارغا تەۋە ئۈچ چوڭ قەبىلە بولۇپ. ئۇيغۇر خانلىقى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇرۇلغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىلىرىدىن ئىدى.

قاياس شەھىرى بولسا، ئەينى ۋاقىتتا قارا خانىلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئورۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، قاياس ۋىلايىتى دەپ ئاتىلاتتى.» («قارا خانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 66 - بەت). پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى قاياس (قوياس) ۋىلايىتى مەھمۇد قەشقىرى ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئالغان ئۈچ قورغان شەھىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇشى مۇمكىن. «ساپلىغ قاياس» ھازىرقى قورغاس چىڭسىخوزىنى. «ئۆرۈڭ قاياس» ھازىرقى قورغاس ئاقسۇنى، «قارا قاياس» ھازىرقى قورغاس چىلپەگزىنى كۆرسەتسە كېرەك. «ساپلىغ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ساپ، سۈزۈك، پاكىز مەنىسىدە بولۇپ، ھازىرقى قورغاس سۈزۈك سۇ (چىڭسىخوزا) بازىرى نامىغا، «ئۆرۈڭ» چىگىلچە «ئاق» دېگەن سۆز بولۇپ («تۈركىي تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم 48- بەت)، ھازىرقى قورغاس ئاقسۇ يېزىسى نامىغا توغرا كېلىدۇ. قارا قاياس قەدىمكى ۋاقىتلاردا «قارا بۇلاق»، «قارا سۇ» دەپ ئاتالغان چىلپەگزىنى كۆرسەتسە كېرەك.

«قاياس شەھىرى چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىنمۇ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن پايتەخت قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا، قوياس (قاياس) ئىنتايىن ئاۋات، گۈزەل شەھەر بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىمپېرىيە بويىچە چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان چاغاتاي ياز پەسلىنى «قوياس» دېگەن جايدا ئۆتكۈزگەن. چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋرىسى بولغان شۆھرەتلىك خان — تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ جەسىتىمۇ قوياس شەھىرى تەۋەسىگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە ھازىرمۇ قورغاس ئۇقارلىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

قوياس شەھىرىنىڭ كونا ئورنى ئېھتىمال مىلادى 13 - ئەسىردە ئالمابالىق قاتارلىق شەھەرلەر تۆمۈرلەڭ («ئاقساق تۆمۈر) تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندا ھەمدە 17 - ئەسىردە جۇڭغار خانى غالدان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم ۋەيران قىلىنغاندا بىرگە ۋەيران بولۇشى مۇمكىن.

## ۋاقىت

ئەدىبلەر ئۈچۈن: ۋاقىت ئالتۇن دېمەكتۇر.

تىببىي ئالىملار ئۈچۈن: ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر.

پېداگوگلار ئۈچۈن: ۋاقىت بىلىم دېمەكتۇر.

ھەربىي ئالىملار ئۈچۈن: ۋاقىت غەلىبە دېمەكتۇر.

پەيلاسوپلار ئۈچۈن: ۋاقىت ھەقىقەتنىڭ ئىزى دېمەكتۇر.

ئىستىنىك شۇناسلار ئۈچۈن: ۋاقىت تۇرمۇشنىڭ ئۆلچىمى دېمەكتۇر.

ئىشچىلار ئۈچۈن: ۋاقىت سۈرئەت دېمەكتۇر.

دېھقانلار ئۈچۈن: ۋاقىت ئاشلىق دېمەكتۇر.

تارىخشۇناسلار ئۈچۈن: ۋاقىت ئادىل سوتچى دېمەكتۇر.

سودىگەرلەر ئۈچۈن: ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر.

شوپۇرلار ئۈچۈن: ۋاقىت مۇساپە دېمەكتۇر.

مۇخبىرلار ئۈچۈن: ۋاقىت خەۋەر دېمەكتۇر. (6)

## رېكورت يارىتىش

يېقىندا ۋېرساللىق بورونولېئون ئىسىملىك بىر كىشى ئىككى تۈرلۈك دۇنيا رېكورتى ياراتقان. بىرسى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق ئايروپىلان سەپىرىنى تۈگەتكەن. ئىككىنچىسى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئېغىر ئايروپىلان بېلىتىگە ئېرىشكەن ئادەم بولۇپ قالغان. 11 ئاي ئىچىدە، لېئون يەر شارىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ، 52 دۆلەتنىڭ 109 شەھىرىگە بارغان. جەمئىي 80 ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بېلەتلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 مېترغا، ئېغىرلىقى بىر كىلوگرامغا يەتكەن.



# ھەسەتخورلۇق ـ بەربىر ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق توغرىسىدا يېزىلغان تۇرغۇن ماقالىلەردە ھەسەتخورلۇقنىڭ «شەرقچە ھەسەتخورلۇق» ۋە «غەربچە ھەسەتخورلۇق» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقى، شەرقچە ھەسەتخورلۇق «ئۆزۈم قىلالمىغان ئىكەنمەن، سىنىمۇ قىلغۇزمايمەن»، غەربچە ھەسەتخورلۇق بولسا: «سەن قىلالىغاننى مەن سەندىن ئاشۇرۇپ قىلالايمەن» دىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇشۇنداق «شەرقچە» ۋە «غەربچە» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كىشىلەرگە گويا بىر يېڭىلىق ھېس قىلدۇرىدۇ. «شەرقچە» ھەسەتخورلۇق، شەرق — كىشىلەرگە يات نەرسە ئەمەس، «غەربچە» ھەسەتخورلۇقنى بولسا كىشىلەر ئىنچىكىلەپ چۈشىنىشۋېلىشقا تەقەززا.

«غەربچە» ھەسەتخورلۇق — ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، پاندورانىڭ قۇتىسى ئىچىدىن چىققانىكەن. قەدىمىي گرېتسىيە كىشىلىرىدىكى ھەسەتخورلۇق توغرىسىدا گرېك ئەپسانىلىرىدە مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھى ئافىنا كەشتە تىكىش ۋە رەخت توقۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ ئاراكنې ئىسىملىك بىر قىزنىڭ توقۇمىچىلىق ماھارىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلەشمەكچى بوپتۇ. ئاراكنېنىڭ كەشتە ماھارىتىدىن ھەيران بولغان ئافىنادا بىردىنلا ھەسەت قوزغىلىپتۇ ـ دە، چىداپ تۇرالماي دەرھال ئاراكنې ئىشلىگەن توقۇلما سەنئەت بويۇملىرىنى يىرتىپ تاشلاپتۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئاراكنېنى ئۆمچۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىپ ئاندىن كۆڭلى تىنىپتۇ.

بۇ ئەپسانىدىن قەدىمكى گرېكلارنىڭ ھەسەتخورلۇق كۆز قارىشىنى چۈشىنىۋالالايمىز. مۇشۇلاردىن قارىغاندا، ھەسەتخورلۇق مەيلى شەرقچە ياكى غەربچە بولسۇن بەربىر ئوخشاش. «غەربچە» ھەسەتخورلۇق توغرىسىدا بىز يەنىلا غەرب كىشىلىرىنى سۆزلىتىپ كۆرەيلى: ئۇلۇغ شائىر گيوتې ئۆز رەقىبلىرى ئۈستىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ھەسەتخورلۇق ئۇچۇنلا ياشايدۇ. مەن ئۆز ئەمگىكىم ۋە ئىقتىدارىم بىلەن ئېرىشكەن شان ـ شۆھرەتلەر ئۇلارنىڭ ئىچ تارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار مېنىڭ شۆھرىتىمگە داغ چۈشۈرۈشنى، ھەتتا مېنى يىقىتىشنىلا ئويلايدۇ.»

رۇس يازغۇچىسى چېخوپ ھەسەتخورلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ھەسەتخورلار توغرىسىدا سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ ..... ئۇلار بىزنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىزگە چىدىماي قېلىشتى. ھەتتا ئۇلار بىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىدۇ. مۇبادا بىرەرسى بىزنى تالانت ئىگىسى دەپ قويىدىغان بولسا ياكى بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىدا ئاز ـ تولا نەتىجە ياراتقان بولساق ۋە ياكى ئۆز ئەمگىكىمىز بىلەن بىر سولۇمۇن ئوردىسىنى ياسىغان بولساق. ئۇچاغدا ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى ...... »

دېمەك، ھەسەتخورلۇق خۇددى ۋابا بەربىر ۋابابولغىنىغا ئوخشاش بەربىر ھەسەتخورلۇق.

ھېچقانداق يەردە ياخشى ۋابا ۋە يامان ۋابا دەپ ئايرىلمىغىنىغا ئوخشاش ھەسەتخورلۇقمۇ ياخشى، يامان دەپ ئايرىلمايدۇ. ئەگەر ھەسەتخورلۇق ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىلىپ، باشقىچە ماھىيەتكە ئۆزگەرسە ئىدى، ئۇچاغدا ئۇ ھەسەتخورلۇق دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنمىگەن بولاتتى. بىز ياش دوستلارنىڭ بۇنداق يامان ئىللەتكە گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. (8)

(ماھىبەدەر مەھمۇد تەرجىمىسى)



# «مەن يەنىلا ئىتتىپاق كادىرى»

مەن گەرچە ئىلمىي مۇدىر بولغان بولساممۇ، يەنىلا ئىتتىپاق كادىرى بولۇپ قېلىۋېرىمەن». مانا بۇ ئاتۇش شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق ئىتتىپاق كادىرى ھۆسەننىڭ قەلب سۆزى.

ئىمىنجان ھۆسەن 1980 - يىلى ئىتتىپاق ياش ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن باشلاپ ياش - ئەۋلادلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن زور ئەجىر سىڭدۈردى. نەتىجىدە 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

1984 - يىلى تەشكىل ئۇنى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغان بىلەن خىزمەت كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. پارتىيە ياچېيكىسىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنى يەنىلا ئىتتىپاق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلدى. ئۇ ئوقۇ- ئوقۇتۇش بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك - باشلامچىلىق رولى ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلىدى. نەتىجىدە بۇ مەكتەپ ئوبلاست بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى. (4)

(مامۇت خۇدابەردى)

ئاۋات ناھىيە غورۇچۆل يېزا قىيا قودۇق كەنتىدىكى ياش چارۋىچى تۇردەك مەنتوختىنى كىشىلەر «چارۋىچىلىق بىلەن بېيىغان تۆھپىكار ياش» دەپ ماختىشىدۇ. ئۇ 1985 - يىلى چارۋىسىنى 530 تۇياققا يەتكۈزگەنىدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 240 تۇياق قويىنى قاتارغا قوشۇپ، چارۋىدىن قىلغان ساپ كىرىمىنى 7125 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» بولۇپ مۇكاپاتلانغانىدى. 1986 - يىلى ئۇ تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ مۇقىم بايلىقى يوق، يايلاق شارائىتى ناچار بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ مال پادىلىرىنى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا بېقىپ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چارۋىلارنى ياخشى باققانلىقتىن 315 تۇياق مال قاتارغا قوشۇلۇپ چارۋىسى 1085 تۇياققا يەتتى. دۆلەتكە 1348 يۈەنلىك يۇڭ، 340 يۈەنلىك تېرە سېتىپ بېرىپ، دۆلەتكىمۇ زور تۆھپە قوشقاندىن باشقا يەنە 13 تۇياق مالنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە، بىر تۇياق مالنى كوللېكتىپنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا، يەتتە پارچە كىگىزنى جامائەت سورۇنىغا ھەقسىز ياردەم قىلدى. (4)

(تۇمەرجان سامساق)



# ئۇ بېيىش يولىدا...



# بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان ياش

پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىمە كەنتى كىمە مەھەللىسىدىكى ياش دېھقان مەخەت ھاشۇللا كىچىكىدىلا ئىلىم - پەنگە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا 14 قېتىم ئەلاچى، توققۇز قېتىم «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1981 - يىلى 5 - ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1984 - يىلى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى ئاز، جان سانى كۆپ بولۇشتەك قىيىنچىلىق تۈپەيلى يۇقىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. لېكىن ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلەشتىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ھەرگىز بوشاپ قالمىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى سېتىۋېلىپ، كۈندۈزلىرى ئېتىزدا ئىشلىسە، كېچىلىرى چىراق يورۇقىدا ئۆگەندى. ئۆزى يېشەلمىگەن مەسىلىلەرنى 24 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ ئانا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سوراپ ئۆگەندى. ئاخىرى ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى يەردە قالمىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى بولۇپ ياھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. (ئابلىمىت روزى)



يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئۈچار يېزىسىدىكى دېھقانلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۆپلەپ تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، رادىئو قاتارلىقلارنى سېتىۋالغانىدى. بۇ يېزىدا رادىئو رېمونت قىلىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، تېلېۋىزور ياكى ئۈنئالغۇلىرى بۇزۇلۇپ قالغاندا ئاممىنىڭ بېشى قاتقانىدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن بۇ يېزىنىڭ ئىمىنچاغىرى 1 - كەنت 6 - مەھەللىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېزىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىنتىپاق ئەزاسى ئەنۋەر تۇرسۇن ئەمگەك ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا ناھىيە بازىرىدىكى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رېمونتخانىسىدىكى مەخەت رەھىم دېگەن ئۇستامدىن رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ چىقىپ، يېزا بازىرىغا دۇكان سالدى. ئۇ تىجارەت باشلىغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھاجەتمەنلەرنىڭ سەككىز دانە تېلېۋىزور، 117 دانە رادىئوسىنى رېمونت قىلىپ بەردى. ئۇ ئەرزان ئىش ھەققى ئالغاندىن باشقا ئۈچ دانە شەخسىي تېلېۋىزور ۋە توققۇز دانە ئۈنئالغۇ، 26 دانە رادىئونى ھەقسىز ئوڭشاپ بەردى. يېڭىدىن تېلېۋىزور سېتىۋالغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئانتېننىسىنى خېلى يىراق يوللارنى بېسىپ بېرىپ ئورنىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خېرىدارى كۆپىيىپ، تىجارەت يولى كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇ ئىشتىن ئامما خۇرسەن بولماقتا. (قادىر نىياز)

# ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن...

## قورساق ئاغرىقىغا سەل قارىماڭ

جىددىي خاراكتېرلىك قورساق ئاغرىقى ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئۆزگىرىشى تېز، ۋاقتىدا داۋالانمىسا يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

بۇ خىل كېسەللىك كۆپىنچە 12 بارماق ئۈچەينىڭ تېشىلىپ كېتىشى، ئۈچەي يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى، جىددىي خاراكتېرلىك [illegible] ئۈچەي ياللۇغى، ئۆت خالتىسىنىڭ ئېغىر ياللۇغلىنىشى، بالىياتقۇ سىرتىدىكى ھامىلدارلىق سەۋەبىدىن تۇخۇم نەيچىسىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى... قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. گەرچە بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىلىنىكىلىق ئالامەتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئورتاق ئالاھىدىلىكى جىددىي خاراكتېرلىك قورساق ئاغرىشتىن ئىبارەت:

جىددىي خاراكتېرلىك قورساق ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى بەزىدە مۇجۇش، بەزىدە يۆتكىلىپ ئاغرىش بولۇپ، كۆڭۈل ئاينىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، تەرەت توسۇلۇپ قېلىش، قىزىتىش قاتارلىقلار قوشۇلۇپ كۆرۈلىدۇ. بەزى كىشىلەر جىددىي خاراكتېرلىك قورساق ئاغرىقىغا يولۇققاندا ئۇنىڭغا سەل قاراپ، ئالدى بىلەن يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئامال قىلماقچى بولىدۇ ـ دە، دوختۇرغا كۆرۈنمەي ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئاخىرى بولالمىغاندا دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە، بەزى يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. جىددىي خاراكتېرلىك قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلار چوقۇم ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ئېنىق دىئاگنوز قويدۇرۇشى، ھەرگىز ئۆزى بىلگەنچە ئۇسۇل قوللانماسلىقى، قالايمىقان دورا ئىچمەسلىكى لازىم. (4)

## سېزىمچانلىق ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش

تېلېۋىزور كۆرگەندىن كېيىن كۆزى قىزىرىش، ئاغرىش، ئىششىش، ياش ئېقىش، يورۇقلۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، كۆزدە يات نەرسە باردەك ھېس قىلىش ياكى كۆزنىڭ قويرۇقى يېرىلىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ تېلېۋىزوردىكى سۈرەت كۆرسىتىش لامپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى تېلېۋىزوردىكى سۈرەت كۆرسىتىش لامپىسى سىرتقا قارىتا بىر خىل بىنەپشە رەڭنى تارقىتىدۇ. بۇ خىل رەڭ كۆزنىڭ قاپاق شىللىق پەردىسى ۋە كۆز مۈڭگۈز پەردىسىنى غىدىقلاش بىلەن كۆزدە بىر خىل خىمىيۋى ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئەھۋال زىيادە سېزىمچانلىق خاراكتېرلىك كۆز ياللۇغى دېيىلىدۇ. بۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە تېلېۋىزور كۆرۈشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، كۆزنى ئارام ئالدۇرۇش لازىم.

تېلېۋىزور كۆرۈش ئارىلىقى بەك يېقىن بولماسلىق. ئەگەر كۆزنىڭ ئاغرىقى يېنىك بولسا، لۆڭگىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش لازىم. بۇ ئۇسۇلنى كۈنىگە 3 ـ 4 قېتىم تەكرارلاش كېرەك. كېسەل ئالامەتلىرى ئېغىرراق بولسا، قايىنىتىلغان كالا سۈتىنى كۈندە بىر قانچە قېتىم كۆزگە تېمىتىش، زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى ھورمۇنلۇق دورىلاردىن پرېدنىزون ( Prednison )، تولدىرىن ( Toldrin )، فېنېرگان ( Phenergan ) قاتارلىق دورىلاردىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر ـ ئىككى تابلېتكىدىن ئىچىش لازىم. ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا نىسبەتەن زىيادە سېزىمچانلىقى بار كىشىلەر تېلېۋىزور كۆرگەندە ئەڭ ياخشىسى يېشىل ياكى قارا كۆزەينەك تاقىۋېلىشى لازىم. (4)



# عاجايىپ ئۇچرىشىش



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقى تەجرىبە پونكىتىنىڭ ئادەملىرى باشقا پىلانېتتىن قوبۇۋېلىنغان ئۇچار جىسىم ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە قاتارلىشىپ تۆت كۈن بىللە ئۇچقان.

ئۆتكەن يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ساليوت - 6» نومۇرلۇق ئالەم بوشلۇق تەجرىبىخانىسىدىكى ئىككى نەپەر ئالىم تەجرىبىخانىنىڭ دېرىزە سىرتىدا بىر كۈمۈش رەڭلىك يۇمىلاق شار شەكىللىك نەرسىنىڭ بارلىقىنى. ئۇ نەرسىنىڭ تەجرىبىخانىنىڭ يېنىغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالغان. بۇ يۇمىلاق شار شەكىللىك نەرسە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقى كېمىسىنىڭ ئۇچۇش يولىدا قاتارلىشىپ بىرلىكتە ئۇچقان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقى خادىملىرى ھەيرانلىق ئىچىدە كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى بىلەن بۇ نەرسىنى فىلىمغا ئېلىۋالغان. ئەڭ دەسلەپكى 24 سائەت ئىچىدە. كۈمۈش رەڭلىك يۇمىلاق شار شەكىللىك بۇ نەرسە ئۇلار بىلەن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇچقانلىقتىن. بۇ ئۇچار جىسىمنىڭ ئىچىدە قانداق نەرسە بارلىقىنى بىلەلمىگەن. ئىككىنچى كۈنى بۇ ئۇچار جىسىم ئالەم بوشلۇقى كېمىسىگە تۇيۇقسىز يېقىنلىشىپ. 100 مېتىر ئارىلىق قالغان چاغدا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقى خادىملىرى دۇربۇن بىلەن بۇ يۇمىلاق شار شەكىللىك نەرسىدە 24 دېرىزە ۋە ئۈچ چوڭ تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ھەم بۇ يۇمىلاق تۆشۈكلەردىن ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۈچ ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم بوشلۇقى خادىملىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا. بۇ ئۈچ نەپەر «باشقا پىلانېت ئادىمى» قويۇق قاشلىق. يوغان كۆزلۈك. ئالاھىدە قاڭشالىق ئىكەن. ئالەم بوشلۇقى خادىملىرىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆزى ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن ئىككى ھەسسە يوغان ئىكەن. لېكىن چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيدىكەن، رەڭگى قوڭۇر سېرىق ئىكەن.

كېيىن بۇ يۇمىلاق شار شەكىللىك غەلىتە نەرسە بارغانسېرى يېقىنلاشقان. ئۈچ مېتىرلا ئارىلىق قالغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوياش سىستېمىسى خادىمى باش بارمىقىنى چىقىرىپ «باشقا پىلانېت ئادىمى»گە ھۆرمەت بىلدۈرگەندە. باشقا پىلانېت ئادىمىمۇ ئوخشاش ھەرىكەت قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن.

ئۈچىنچى كۈنى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى خادىملىرى «باشقا پىلانېت ئادەملىرى»نىڭ يۇمىلاق نەرسىدىن ئايرىلىپ ئالەم بوشلۇقىدا ماڭغانلىقىنى. ئۇلاردا ئالەم بوشلۇقى كىيىمىمۇ. نەپەس ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىمۇ بولمىغانلىقىنى كۆرگەن. تۆتىنچى كۈنى بۇ يۇمىلاق شار شەكىللىك نەرسە ئۇلاردىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ يوقالغان.



# سېرىق دېڭىزدىكى گۆھەر جاي — جاڭزىداۋ

جاڭزىداۋ ئارىلى (بۆكە ئارىلى) سېرىق دېڭىزنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 8.85 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئارالدا 2300 دىن ئارتۇق بېلىقچىلار ئائىلىسى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 12 مىڭدىن ئوشۇق كىشى بار. جاڭزىداۋ تاشقى چاڭسەن تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئارال ھېسابلىنىدۇ. تاشقى چاڭسەن تاقىم ئاراللىرى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ تەبىئىي توسقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، سەندۇڭ يېرىم ئارىلى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ بوخەي، بېيجىڭ، تيەنجىن، داليەنلەرگە ئۆتىدىغان مۇھىم سۇ يولىنى ئىككى تەرەپتىن قىسىپ تۇرىدۇ. جاڭزىداۋ ئارىلى مۇشۇ قىسقۇچنىڭ ئۇمشۇقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئەكمۇ مۇھىم. شۇڭا ئۇ يەر «سۇ يولىنىڭ مۇھىم قولۇپى» دەپ داڭ چىقارغان.

جاڭزىداۋ ئارىلى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي مۆتىدىل بەلبېغىدىكى سوغۇق ئېقىم بىلەن ئىسسىق ئېقىم قوشۇلىدىغان رايونغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىپايان بېلىقچىلىق مەيدانلىرى بار بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن مول، ھەر خىل بېلىقلار، راك، قىسقۇچ پاقا، قۇلۇلە، يۇسۇن قاتارلىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، دېڭىز مېھرىگىياسى، سەدەپ، قۇرۇقلۇق قۇلۇلىسى قاتارلىق قىممەتلىك بويۇملار بار. ئارالنىڭ تۆت پەسىلدىكى ھاۋاسى يېقىملىق بولۇپ، ئۇ تىپىك دېڭىز كېلىماتىغا مەنسۇپ. ئارالنىڭ كۆپ قىسمى يېشىل گرانىت تاشلاردىن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ تاشقى پوستى ئاساسەن يېمىرىلگەن قاتلام - شېغىللىق تۇپراق ۋە بىر قىسىم سېرىق سېغىز تۇپراقتىن ئىبارەت.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئادەم ناھايىتى شالاڭ بولغان جاڭزىداۋ ئارىلى نەچچە يۈز خىل ئۇچار قانات ۋە ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسى ئىكەن. ئارالدا بۆكە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە 6000 دىن كۆپرەككە يەتكەن.

بۈگۈنكى جاڭزىداۋ ئارىلىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئارالدىكى خەلق مول تەبىئىي بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. بۇ ئارالدا ئومۇمىي قۇۋۋىتى 900 ئات كۈچىدىن ئارتۇق كېمە ئەترىتى، كېمە رېمونت زاۋۇتىدىن ئىككىسى، توڭلىتىش ئىسكىلاتى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى بار. گۇڭشې قۇرۇلغان مەزگىللەردە بۇ ئارالدا تۇتۇلغان بېلىق مىقدارى 9000 توننىدىن ئارتۇق ئىدى. بۇلتۇر 37 مىڭ توننىدىن ئاشتى. 1969 - يىلى ئۇلاردا داۋالاش، مەكتەپكە كىرىش، ئۇن تارتىش، گۈرۈچ ئاقلاش، كىنو كۆرۈش، بالىلارنى يەسلىگە بېرىشتە ھەق ئالماسلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇنداقلا، قېرىلار ساناتورىيىسى سېلىندى. ھازىر يەنە بېلىقچىلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەر خىل مۇلازىمەت تۈرلىرى ناھايىتى تولۇق بولۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. ئارالدا يەنە كۇتۇپخانا، تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكا مەكتىپى بار. ھازىر بۇ كىچىك ئارال بىپايان سېرىق دېڭىزدا بارغانسېرى جۇلالانماقتا. (4)

(ئىسمايىل ئەزىمەت رەتلىگەن)



# سىز 18 ياشقا توشقاندا

ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى باش چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن دۆلىتىمىز قانۇندا ئوخشىمايدىغان ياسقۇچتىكى قانۇن - بەلگىلىمىلەر ياشقا نىسبەتەن. بولۇپمۇ 18 ياشقا نىسبەتەن ئېنىق، كونكرېت بەلگىلىمە چىقارغان.

يېشى 18 گە توشقان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي سايلاش ھوقۇقىغا ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا (ئاساسىي قانۇن 34 - ماددىسى).

ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى 18 ياشقا توشقان ئەر پۇقرالار شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى ھەربىي خىزمەت ئورگىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تۈزۈلۈشنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش رويخېتىگە ئالدۇرۇپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. لايىق تېپىلغانلار ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغان پۇقرالار دەپ ئاتىلىدۇ (ھەربىي خىزمەت قانۇنى 13 - ماددىسى).

ئومۇمەن يېشى 18 دىن 35 كىچە بولغان، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش شەرتىگە لايىق كېلىدىغان ئەر پۇقرالارنىڭ رەسمىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى زاپاس ئەسكەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن مىنبىڭ تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈلىدۇ. مىنبىڭ كادىرلىرىنىڭ ياش چەكلىمىسىنى مۇۋاپىق توردە كەڭرەك ئىگەللەشكە بولىدۇ (ھەربىي خىزمەت قانۇنى 37 - ماددىسى).

رەسمىي ھەربىي خىزمەت ئۆتىمىگەن تايانچ مىنبىڭلار 18 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە، 30 كۈندىن 40 كۈنگىچە ھەربىي تەلىم ئېلىشى لازىم؛ كەسپىي تېخنىك مىنبىڭلارنىڭ تەلىم ئېلىش ۋاقتى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ مۇۋاپىق تۇزارتىلىدۇ (ھەربىي خىزمەت قانۇنى 29 - ماددىسى).

18 ياشقا توشمىغان كىشىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكالەتەن باشقۇرغۇچى كىشىسى ۋەكالەتلىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، مەھرۇم بولغانلىق ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىك رەسمىيەتلىرىنى ئىلتىماس قىلىپ بېجىرىپ بەرسە بولىدۇ (دۆلەت تەۋەلىكى قانۇنى 14 - ماددىسى).

18 ياشقا توشمىغانلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ (جىنايى ئىشلار قانۇنى 26 - ماددىسى).

جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدا 18 ياشقا توشمىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ. 16 ياشقا توشقان، 18 ياشقا توشمىغانلاردىن جىنايىتى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ (جىنايى ئىشلار قانۇنى 44 - ماددىسى).

14 ياشقا توشۇپ، 18 ياشقا توشمىغان كىشىلەر ئاماللىقنى باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلسا يەڭگىل جازالىنىدۇ؛ 14 ياشقا توشمىغان كىشىلەر ئاماللىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلسا جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ لېكىن تەربىيە ۋە نەسىھەت قىلىنىشى ھەمدە مەسئۇل بولغان نازارەتچى كىشى قاتتىق باشقۇرۇشى كېرەك. (9)



# قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار بىر - بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك

ھۆرنىگۈل قاسىم

ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە. قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، ئورتاق ئالغا بېسىش ئاساسىدىكى پاك ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى، بۇ، خۇددى بىر تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش بولۇشى لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپتە، مۇنداق بۇ خىل ئىنتايىن ناچار كەيپىيات بار، ئۇ بولسىمۇ، كۆپلىگەن قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار ئۆزئارا يېقىنلىشىپ، ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلاردىكى مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. دېمىسىمۇ، بەزى ساۋاقداشلار قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلىپ، كۆپرەك يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرگەن ھامان، دەرھال ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گەپ تېپىپ، كۇسۇرلىشىپ، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشىدۇ. بۇ، ناھايىتى چاكىنىلىق.

بۇ خىل چاكىنا بىر تەرەپلىمىلىك نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ بۇنداق ئىككى خىل سەۋەبى بار: بىرى، ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى فېئوداللىق كۆز قاراشلارنىڭ بەزى قالدۇقى يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا رول ئويناۋاتقانلىقتىن، ئۇلار قىز - ئوغۇللار ئۆزئارا پاراڭلاشقاننى كۆرگەن ھامان، دەرھال گەپ تاپىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىدىيىدە ئارقىدا قالغان شۇنداقىمۇ بەزى قىز - ئوغۇللار باركى، ئۇلار غەربنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوغلىشىپ، بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كىنولىرىدىكى ساغلام بولمىغان كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا يۆتكىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى كىشىلەردە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇنداق سەۋەبلەر بەزى كىشىلەردە بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشلار خۇددى غايىبانە تورغا ئوخشاش ئاقكۆڭۈل قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرماپ، ساپ قەلبىدە ھەر خىل داغلارنى پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ساۋاقداشلار مەيلى ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا ساۋاقداش. ئۆزئارا ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەتتە، ئوغۇل - قىز دەپ ئايرىماسلىق كېرەك. بەلكى بىر - بىرىنى پاك ساۋاقداش دەپ قاراش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ساۋاقداشلار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشالايدۇ. بىر - بىرىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. سۆز - ھەرىكىتىمىز ئوچۇق - ئاشكارا، نىيىتىمىز دۇرۇس بولسىلا، ھېلىقىدەك بىر تەرەپلىمە كۆز - قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ گەپ تېپىشىدىن قورقۇش ھاجەتسىز. بىر نەچچە ئېغىز تۇتۇرۇقسىز ئەيىبلەشلەرگە كۆڭۈلنى غەش قىلىپ، ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك.

ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق بىر خىل چىن، پاك ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلسا ھەرگىز ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە تەسىر يەتمەيدۇ. بەلكى قېرىنداشلارچە دوست بولۇپ ئۆگىنىش، ئىدىيە، خىزمەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. (4)






ئەسقەر مۇھەممەد يارغان









شان-شەرەپ. ئەقىل ۋە ئىلىم، ئەخلاق بىلەن كېلىدۇ.

ياشلار ئۈچۈن تەرسلەر گېزىتى

«شىنجاڭ ياشلىرى» نىڭ قوشۇمچىسى

1987 ـ يىل
فېۋرال
(2 ـ سان)

## يوللۇق قوغدىنىش دېگەن نېمە؟

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزى ياكى باشقا بىر كىشى جىسمانىي ۋە باشقا ھوقۇق ـ مەنپەئەتى جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا قوللانغان يوللۇق قوغدىنىش ھەرىكىتى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.» بۇ يوللۇق قوغدىنىشنىڭ قانۇن بېكىتكەن ئۇقۇمى.

قانۇندا، گىرازدانلار قانۇنسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا يوللۇق قوغدىنىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ۋە گىرازدانلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى قوغداش، گىرازدانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ، كېيىن مۇشت ئېتىش يوللۇق قوغدىنىشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى (ئا) ئالدى بىلەن (ب) غا مۇشت ئاتسا، (ب) قانۇنىي يول بىلەن ئىشنى ھەل قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن، ساقچىغا مەلۇم قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلسا بولىدۇ. مۇشتقا، مۇشت قايتۇرۇش ئۆزئارا ئۇرۇشۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداشقا پايدىسىز، شۇڭا ئىككى ئادەم ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قالسا قايسى تەرەپ تاياق يېيىشى، ھەتتا مېيىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قارشى تەرەپ قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ. كېيىن مۇشت ئېتىش «يوللۇق قوغدىنىش» دەپ قارىلىپ، قانۇنىي جازادىن كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ.

## ئۈچىنچى سەپ كادىرلار قوشۇنى

«نەزەر» ژورنىلى چەت تىل «...سىتى» نىڭ 46 ـ سانىدىكى «بېيجىڭ مەكتەپلىرى» ئىستونىدىكى بىر خەتكە قايتۇرۇلغان جاۋاب خەتتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

ئۈچىنچى سەپ كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرمەيدىغان بوپتۇ، دېگەن گەپ خاتا تەشۋىقاتتۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى سەپ كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرمەسلىك توغرىسىدا قىلچىمۇ ئويلىنىپ كۆرگىنى يوق. ئەكسىچە ئۈچىنچى سەپ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمەكتە ۋە مۇكەممەللەشمەكتە. خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش فاكچىنى، ئۈچىنچى سەپ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش — مەركىزىي كومىتېتنىڭ 11 ـ قۇرۇلتاي 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىزچىل ئىدىيىسى بولۇپ، بۇ خىزمەت ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

## ساچىر خانىمنىڭ قىزى خىزمەتتىن بوشىتىلدى.

ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچىر خانىمنىڭ قىزى ئەنگلىيە «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ ئۇچۇر يازغۇچىسى ئىدى. 33 ياشلىق لوكار ساچىر گېزىتخانا باشلىقىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىغانلىقتىن گېزىتخانىدىن بوشىتىۋېتىلدى. بۇ گېزىتنىڭ ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسىدىكىلەر: لوكار ساچىر ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلۇش راسخوتىنى بېرىشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق مۇنداق ـ مىسال بولۇپ باققان ئەمەس دېدى. («داگوڭباۋ» گېزىتىدىن)

## قان تازىلاشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى

موسكۋا قان ۋە قان سېلىش تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى تەتقىقاتچىلار يېقىندا قولدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە بولىدىغان قان تازىلاش ئەسۋابىنى ياساپ چىقتى. بۇ ئەسۋاب ئادەم بەدىنىدىكى قانلارنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى، يەنى قان زەردابى، ئاق قان دانچىلىرى، قىزىل قان دانچىلىرى ۋە قان پىلاستىنكىچىلىرىنى ئايرىيالايدۇ. شۇنداقلا قاننى بۇلغايدىغان زەھەرلىك ماددىلارنى ئايرىپ چىقىرىپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل ئەسۋاب ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ، بىمارنىڭ ئىككى بىلىكىدىكى تومۇرغا ئۇلاپ قويۇلسىلا قاننى ئىزلا ساپلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ.

## پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىقلار بايقالدى

ئۆتكەن يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ چەت ئەل مېھمانلىرى بىناسى فىزىئولوگىيە تەتقىقات جەمئىيىتى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىقلارنىڭ ئۈچ تۈردە ماھارەت كۆرسىتىشىنى ئورۇنلاشتۇردى:

ئۆتكۈزۈش تەجرىبىسى: پېچەتلەنگەن ھەسەل بوتۇلكىسىنىڭ ھەسىلىدىن دورا كۆمىلىكى ياساپ چىقىرىپ، بىرلا ۋاقىتتا بوتۇلكا ئىچىگە قەن كىرگۈزۈلدى. دورا بوتۇلكىسىنىڭ پېچەتلەنگەن ئاغزى قىلچە

## باش ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى

يبقىندا ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق ...ىكە مۇتەخەسسىسى ۋېن مايمۇننىڭ بېشىنى ...الماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك ...ورۇنلىدى. بېشى ئالماشتۇرۇلغان مايمۇننىڭ ...اڭلاش، كۆرۈش، ئۇيلاش ئىقتىدارى ھازىر ...ورمال بولماقتا. ياشاش ئىقتىدارىدىمۇ ...ەبرىلىك كۆرۈلمىدى. بۇ ئىشقا ئالاقىدار ...ەسىلەر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغاندىن ...كېيىن ھەر قايسى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ...ىقققىتىنى قوزغىدى. تېببىي پەن ...الىملىرى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ...ۇنىڭدىن كېيىن ئادەم بېشىنى تەنگە ...ۇلاپ ياشارتىش ئىشى بىر نەچچە قېتىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغان بولسا ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئىلىمنىڭ ئۆلچىمىدە زور ئىسلاھات بولىدۇ - دە، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئۆلچىمىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان 2 - قېتىملىق بۆسۈش بولغان بولىدۇ. كىشىلەر بىردەك يۈرەك سوقۇشى بىلەن نەپەسنىڭ توختىشىنى ئۆلۈمنىڭ ئۆلچىمى دەپ تونۇپ كەلگەن، كېيىن بەزىلەر «مىڭىنىڭ ئۆلۈشى» ئۆلۈمنىڭ ئۆلچىمى بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى. ئەمما «مايمۇن بېشىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن ئادەم بېشىنى ئالماشتۇرۇش» توغرىسىدىكى كۆز قاراشتا جىددىي تالاش - تارتىش بولماقتا. ئەدلىيە تاماقلىرى: «مېڭىنىڭ ئۆلۈشى ئۆلۈمنىڭ ئۆلچىمى بولىدىغان بولسا، كېيىن قانۇندا ئادەمنىڭ ئۆلچىمى نېمە بولىدۇ؟» دەپ قارىماقتا. بەزىلەر ئادەم بېشىنى ئالماشتۇرۇشتا پەقەتلا ئوخشاش جىنسلىلارنىلا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا «باش ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيە» سىدىن كېيىن جىنسىي پائالىيەت، ئەخلاق قائىدىلىرىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ. دېيىشىدۇ. ئېملا بولمىسۇن ئادەم بېشى ئالماشتۇرۇلۇپ مۇۋاپىيەقىيەت قازىنىلسا، بۇ مۇلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

(«پەن ۋە تۇرمۇش» ژورنىلىدىن)

## ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ...ۈتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەلگۈسى ...ەش يىل ئىچىدە دۇنيا بويىچە ئەيدىز ...كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغۇچى ئادەم ...سانى 100 مىليونغا يېتىدۇ، دەپ ...ئاگاھلاندۇرۇشى ئېلان قىلدى.

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ...ماخىلى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئەيدىز ...كېسەللىكى ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدا يېقىندا سەلدەك يامراپ كېتىدۇ ھەمدە ئاسىيانىڭ دەرۋازىسىنى چېكىشكە باشلايدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە تۆت - بەش يىل ئىچىدە 500 مىڭدىن ئۈچ مىليونغىچە كىشى بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىيدۇ. يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 100 مىليونغا يېتىدۇ.

مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۆتكەن يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە پۈتۈن يەر شارىدىكى 101 دۆلەت ئىچىدە ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان ئادەم سانى 33217 نەپەر. سانلىق مەلۇماتقا كۆرسىتىلىشىچە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ئەڭ ئېغىر بولغان دۆلەت ئامېرىكا بولۇپ، بۇ دۆلەتتە 26002 نەپەر ئەيدىز كېسەللىكگە گىرىپتار بولغان ئادەم بار.

ماخىلى مۇنداق دېدى: بۇ كېسەللىگە پۈتۈن دۇنيا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى مەيلى باي، مەيلى نامرات دۆلەت بولسۇن ھەممىسى بۇ خىل كېسەللىكنىڭ زەھىرىگە ئۇچرايدۇ. كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە ئەڭ كەم بولغاندا بىر مىليارت ئامېرىكا دوللىرى بولغاندىلا ئاندىن پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتنى ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق پىلانىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يۇقۇملىنىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

بوزۇلمىدى.

ئالاھىدە قولايازما تەجرىبىسى: شەھەر باشلىقى جاڭ چىن ئېلىپ بارغان، ئېغىن كونۋېرتى ئېچىلمىغان بىر پارچە خەتنىڭ مەزمۇنى تاماشىبىنلارغا ئوقۇپ بېرىلدى. كونۋېرتنىڭ كەينى تەرىپىگە خەت يېزىلدى - دە، بۇ خەت كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەت يېزىلغان قەغەزنىڭ كەينى بېتىگە يۆتكۈلتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كونۋېرتنىڭ ئىچىگە بىر ھاقماق قەن كىرگۈزۈلدى. ئەمما كونۋېرتنىڭ ھېچقانداق يېرى يېرتىلمىغان بولۇپ، ئاۋالقى پېچەتلەنگەن پېتى تۇرغان.

ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەجرىبىسى: بۇ ئويۇنلارنى كۆرگەن بېيجىڭ شەھەرنىڭ باشلىقى بولداش جاڭ چىنشى نەق مەيداندا، 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلارنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى چېن خاۋسۇ پۇل ئاجرىتىپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى.

---

## ستالىن يەنە تەنقىت قىلىنماقتا

خېلىمۇ - خىل ھادىسىلەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەملىكەت ئىچىدە يېقىندىن بېرى ستالىنغا قارىتا بولغان تەنقىد مەزمۇنى يېقىندىن بۇيان چوڭقۇرلىشىپلا قالماستىن، بەلكى كۆنسېرى ئاشكارىلىنىپ بارماقتا. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان بىر گېزىت مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ. «ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن»، ستالىنغا قارشى تېمىلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھېكايە، رومان، تىياتىر، شېئىر ھەتتا ئەدەبىي ئوبزور قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ستالىننىڭ «ۋەھشىلىكى» نى «زالىملىقى» نى ھەدەپ قامچىلىماقتا. بەزىلەر ھەتتا ستالىننى ئىرۋىسى ئاداشقان جاللات دەپ ئەسۋىرلىدى. «پۇشايمان» دېگەن فىلىمدە ستالىن دەۋرىدىكى «قىزىل تېرورلۇق» ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ فىلىمنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتىدۇ.

# ھەميان ئىگىسى نېمە ئۈچۈن جازاغا ئۇچرايدۇ

1. ئاپتوبۇس بېكەتكە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ بىر يىگىت ئالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە تەييارلىنىۋېتىپ تۇشتۇمتۇت ھەميىنى يانچۇقچى تىلىۋالغانلىقىنى سېزىدۇ ـ دە، شۇئان يانچۇقچىنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىراشقا باشلايدۇ.

2. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يانچۇقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يانچۇقچىنى كۆرسىتىپ ھېلىقى يىگىتتىن: «بۇ سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئوغرىلىۋالدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ.





3. بۇ سوئالنى ئاڭلىغان ھېلىقى يىگىت چىرايى تاتارغان ھالدا ھەميىنى ئوغرىلىۋالغانلىقى، ھەميانىدا نېمە بارلىقىنى دۇدۇقلاپ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى يانچۇقچىدىن: «سەن زادى كىمنىڭ نېمىسىنى ئوغرىلىدىڭ؟» دەپ سورايدۇ.



4. يانچۇقچى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتىدىن تانالمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئامالسىز ھېلىقى يىگىتنىڭ يانچۇقىدىن ئوغرىلىۋالغان ھەميانىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ھەميانىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرسىلەرنى كۆزگەندىن كېيىن جىددىي قىيافەتتە ھېلىقى يىگىت بىلەن يانچۇقچىغا: «ئىككىڭلار ساقچىغا بارايلى» دەيدۇ.

5. ئۇلار ساقچىنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، يانچۇقچى ئىگىسىنىڭ جازاغا تارتىلىدۇ. لېكىن كۆپچىلىك كۈتمىگەن يەردىن ھېلىقى يىگىتمۇ جازاغا تارتىلىدۇ. ئېيتىپ بېقىڭ، ھەميان ئىگىسى نېمە ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ؟







# خۇشامەتچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن

مەمتىمىن ھەزرەت

خۇشامەت بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولىدىغان ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىززەت - ئىكرام ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە ئىشتۇر. ھېچكىممۇ «مەن خۇشامەتچىنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ ئاشكارا ئېيتمىغىنىغا ئوخشاش، «مەن خۇشامەتچى» دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغان ئادەممۇ تېپىلمايدۇ. دېمەك كىشىلەر ئورتاق ھالدا «خۇشامەت»نى بىر خىل مەنىۋى ئىللەت دەپ قارايدۇ. خۇشامەت ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيەت ئەخلاقىنى چىرىتكۈچى ئامىل. ئەگەر سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا خۇشامەتچىلىك ئامىللىرى بولۇپ، سىز بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇش يولىدا ئىزدەنگەن تۇرۇقلۇق قۇتۇلالمايۋاتقان بولسىڭىز، تۆۋەندىكى مۇنۇ بىر قانچە مەسىلىنى ئۆزىڭىزگە تەتبىقلاپ ئويدان ئويلىنىپ بېقىڭ:

1. سىز مۇبادا بىرەر ئىدارە - جەمئىيەتنىڭ كادىرى بولۇپ، قەلبىڭىزدە «ئۆسۈپ باشلىق بولۇش» ئارزۇسىنىڭ ئورۇقى بىخلانغان بولسا، ئالدى بىلەن سىز ئۆزىڭىزدە باشلىق بولۇشنىڭ بىر قاتار شەرت - شارائىتلىرى يېتىلگەنمۇ - يوق؟ بۇنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ. ئەگەر شۇنداق شەرتلەر سىزدە بولىدىغان بولسا، سىز ئەقىل - زېھنىڭىزنى، ۋاقتىڭىزنى، ئىقتىسادىڭىزنى، جىسمانىي كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سىزنى ئۆستۈرۈش قولىدىن كېلىدىغان باشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھارماي - تالماي جاپالىق تەر ئاققۇزۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ! چۈنكى ئەگەر ئۆسەلمەي قالسىڭىز ئۆمۈر بويى داغدا قالىسىز. ئۆسكەن تەقدىردىمۇ سىزنىڭ قانداق ئۆسكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ تۇرغان سەپداشلىرىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىز ئالدىدا يۈز - ئابرۇيىڭىز بولمايدۇ. سىز تېخىمۇ يۇقىرى ئەمەلنىڭ تاماسىدا يۈرۈۋاتقان چاغلىرىڭىزدا قول ئاستىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ سىزگە بولغان ئەپرىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن بولىدۇ. شۇڭا سىز راستىن ئۆسمەكچى بولسىڭىز، خۇشامەت ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئەقىل - زېھنىڭىزنى، كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىشلەۋاتقان خىزمەتتە كۆرسىتىڭ. ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا سىزنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قابىلىيىتىڭىزنىڭ بارلىقىغا رەھبەرلىكمۇ، ئاممىمۇ قايىل بولسۇن. شۇ ئاساستا ئۆسسىڭىز يىلتىزىڭىز ئامما ئارىسىدا بولىدۇ. رەھبەرلىك ئالدىدىمۇ، ئامما ئالدىدىمۇ يۈزىڭىز يورۇق بولىدۇ. خىزمىتىڭىز كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئۆز پەزىلىتىڭىزنى داتلاشتۇرماي پرىنسىپلىق خىزمەت ئىشلىسىڭىز ئىستىقبالىڭىز تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

2. مۇبادا سىز ئىقتىسادىي جەھەتتە بەك نامرات بولۇپ، مۇھتاجلىق تۈپەيلى ناھايىتى باي ئادەم بىلەن ياكى سىزگە ئىقتىسادىي مەنپەئەتى تېگىدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى كۆزلەپ دوستلاشماقچى بولسىڭىز، مۇددىئايىڭىز دۇرۇس بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا «دوست»ىڭىزنىڭ خۇشامەتچىسىگە ئايلىنىپ قالىسىز. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياكى ئىجتىمائىي ئورۇندىكى زور پەرق تۈپەيلى، ئۇ سىزنى ئاخىردا

دوست دەپ قويسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مالاي قاتارىدا كۆرۈشى مۇمكىن. سىز ئىنسانىي غورۇر، ۋىجدانىڭىزنى ھاقارەتلەش ھېسابىغا ئاز - تولا ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا سىز ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى ھاقارەتلەيدىغان بۇ خىل يولدىن قۇتۇلماقچى بولسىڭىز، ھالاللىققا يۈزلىنىڭ! دۇنيادا ھالال مېھنەتنىڭ قەدرى ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھالال ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەڭ.

3. سىز بىراۋنىڭ جىددىي ھاجىتىدىن چىققاندا ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىراۋغا ياردەملەشكەندە، كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان مەنپەئەت تاماسىدىن خالىي بولۇڭ! چۈنكى تاما ئارىلاشقان ھەر قانداق ئىش خۇشامەت جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا ئېرىشكۈچى كىشى، ۋاقتىدا سىزگە ياخشىلىق قايتۇرالمىسا، قايتۇرغان تەقدىردىمۇ سىز مۆلچەرلىگەن مىقداردىكى مەنپەئەتكە تولۇق ئېرىشەلمىسىڭىز، كىشىلەر ئارىسىدا قارشى تەرەپنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا باشلايسىز. خۇشامەتچى ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە نامەردلىك ئالامەتلىرى كۆپلۈك بولىدۇ. سىز قارشى تەرەپنى «پالانى چاغدا پالانىغا مۇنداق ياخشىلىق قىلغانىدىم. ئۇنتۇپ قالدى»، «پالانى ئادەتتىكىدەك ۋاقىتدا مەن ئۇنىڭغا مۇنداق ياردەملەرنى قىلغان، ھازىر كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپ مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىسىز. نەتىجىدە ئەھۋالنى بىلمىگەن بىر مۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا قارشى تەرەپنىڭ يۈز - ئابرۇيىنىمۇ خىرەلەشتۈرىسىز. شۇنداق گەپلەرنى ھەمىشە قىلىپ يۈرۈۋەرسىڭىز، كىشىلەر سىزنىڭمۇ توغرا نىيەتلىك ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىۋالىدۇ. خالاس. شۇڭا ھاجىتىڭىز بولمىغان بىراۋغا ياخشىلىق قىلماقچى بولسىڭىز، نىيىتىڭىز خالىس بولسۇن.

ئەگەر بۇنى جەمئىيەتكە تەتبىقلاپ تەھلىل قىلىپ بارىدىغان بولساق، ماقالىمىزنىڭ داۋامى ئۈزۈلمەيدۇ. جەمئىيەتتە خۇشامەتنىڭ خىلمۇ - خىل ئىپادىلىرى مەۋجۇت. يۇقىرى - تۆۋەن، ھەر قايسى قاتلام، ھەر خىل كەسىپ... لەرنىڭ ھەممىسىگە تەتبىقلاش مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا، كونىلارنىڭ «خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ، تاماگەر بولما» دېگەن تەمسىلىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر قانداق ئىش تاماسىز قىلىنسا، خۇشامەتتىن خالىي بولىدۇ. خۇشامەتنىڭ زىيىنى شۇكى، خۇشامەت تۈيغۇسى يۇقىرى چەككە يەتكەندە قەبىھ قارا نىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى جۇڭگونىڭ يېقىنقى تارىخى سەھنىسىدە ئويلىنىپ ئۆتكەن لىن بياۋ كومىدىيىسىدۇر. شۇڭا بولۇپمۇ سىياسىي سەھنىلەردە خۇشامەتچىلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ھەر كىم ھەزەر ئەيلىشى، خۇشامەتچىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان زېمىن قالدۇرماسلىقى زۆرۈر.

ـەنگلىيە ئالىملىرىنىڭ قىياسىچە بىر خىل ئاپتوماتىك ئۇچار ئەسۋاب كېيىنكى ئەسىردە ئارمىيىنىڭ كۆزى ۋە چىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. تۇ بىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان ئۇچار ئەسۋابلار ئىچىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات مېۋىسى بولۇپ، بۇ خىل ئەڭ يېڭى ئۇچقۇچىسىز ئاپتوماتىك رازۋېتكا ئۇچار ئەسۋابنىڭ ئىقتىدارى نۆۋەتتىكى ئۇچقۇچىسىز رازۋېتكا ئايروپىلاننىڭ ئىقتىدارىدىن كۆپ ئارتۇق بولىدىكەن.

بۇ خىل ئۇچار ئەسۋابقا رەسىم تارتىش ئاپپاراتى ۋە سىرتقا تارقىتىش، يىغىپ تۇپلاش، سانلىق مەلۇمات بېرىش ئەسۋابلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن ھەمدە قىسقا سىگناللار ئارقىلىق خەۋەرلەرنى بازىغا قايتۇرۇپ بېرەلەيدىكەن. (8)



# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باش ۋەزىر — لىيەن شىشەن

غەيرەتجان ئوسمان

لىيەن شىشەن — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئىجتىمائىي ئورنى ئەڭ يۇقىرى سىياسىي ئەربابتۇر.

لىيەن شىشەن 1231 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. لىيەن شىشەننىڭ دادىسى بۇرۇلقايا چىڭگىزخان باش كۆتۈرگەن دەۋرلەردە قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىنگە ئەگىشىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان ھەم چىڭگىزخاننىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان. تەيزۇڭ خان دەۋرىدە يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ)، جېندىڭ (بۈگۈنكى خېبېيدىكى جېڭدىڭ) دا ئەمەلدار بولغان. لىيەن شىشەن تۇغۇلغان چاغدا دادىسى بۇرۇلقايا يەنە ئايمىقىنىڭ تەپتىش ۋەزىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىغا ئۆز ئەمەل نامى «لىيەن» نى فامىلە قىلىپ قويغان.

1250 - يىلى لىيەن شىشەن 19 يېشىدىن باشلاپ ئۆمۈرلۈك سىياسىي ھاياتىنى باشلىغان. ئۇ بىلىملىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي ئىستىدات جەھەتتىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگەن. بىر كۈنى ئۇ ۋەزىرلەر بىلەن قۇبلاي خاننىڭ ئالدىدا ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ماھارىتى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لىيەن شىشەن «ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ كامىل ئادەم» دەپ تەرىپلەنگەن. قۇبلايمۇ لىيەن شىشەننى «بىلىملىك، ئابرويلۇق، دىيانەتلىك» دەپ ماختىغان. 1250 - يىلى قۇبلاي جىڭجاۋ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ بارغاندا لىيەن شىشەن ئالاھىدە ئەلچى بولغان. جىڭجاۋ ناھايىتى مۇرەككەپ رايون ئىدى. لىيەن شىشەن خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆلىمالار بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش توغرىسىدا كېڭەشكەن. مەكتەپ ئېچىپ تالانتلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن جىڭجاۋ رايونىنى ناھايىتى خاتىرجەم رايونغا ئايلاندۇرغان. 1259 - يىلى مۆڭكې خان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، خېجۇ دېگەن يەردە يارىلىنىپ قازا تاپقان. بۇ چاغدا قۇبلاي قوشۇنلارنى باشلاپ ئېجۇدا جەنۇبىي سۇڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئۆزى ئەگىشىپ يۈرگەن قۇبلاينىڭ تالانتلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن لىيەن شىشەن ئۇنى خاقانلىق تەختىگە چىقىشقا دالالەت قىلغان. لىيەن شىشەن قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا قۇبلاي 1260 - يىلى خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي لىيەن شىشەن لىيۇنەيىڭ، قورۇلقاي، قۇندۇقاي، ئاراندار قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، قۇبلاينىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن دىۋان ئوڭ قول ۋەزىرى قوشۇمچە مەمۇرى ئىشلار ئەمەلدارى بولغان. 1262 - يىلى دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. 1271 - يىلى قۇبلاي خان بىلەن پىكىر ئىختىلابى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن خىزمىتىدىن ئايرىلغان. 1274 - يىلى قۇبلاي خان قايتا لىيەن شىشەننى بېيجىڭ ئۆلكىسىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىللىكىگە تەيىنلىگەن. 1275 - يىلى يۈەن سۇلالىسى جىڭنەننى ئىگىلىگەن

چاغدا يىڭى رايوننى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن قۇبلاي يەنە لىيەن شىشەننى جىڭنەنگە ۋالىيلىققا بەلگىلىگەن. 1277 ـ يىلى كىبسەللىك سەۋەبى بىلەن پايتەختكە قايتقان. 1279 ـ يىلى يازدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تۇستۇرۇلگەن. بىراق كېسەللىك سەۋەبىدىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالماي 1280 ـ يىلى 50 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

لىيەن شىشەننىڭ تارىختىكى تۆھپىسى ئالدى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ خاقانلىق ئورنىنى كىمگە ئىگىلىتىش مەسىلىسىدە ئىپادىلىندى. مۆڭكې خان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئارىق بۆكې بىلەن قۇبلاي ئارىسىدا خاقانلىق ئورنىنى تالىشىش ئىچكى كۈرىشى باشلانغان. بۇ ئورۇنغا كىم ۋارىسلىق قىلسا، بۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىرلىكى، سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ھېسابلىناتتى.

لىيەن شىشەن ھەقىقەت ئالدىدا خاقانلار بىلەن پۇقرالارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ خاتالىقىنىمۇ دادىل تەنقىد قىلاتتى. ھەتتا قۇبلاي خان بىلەنمۇ بىر قانچە قېتىم پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىكمۇ قورقۇپ قالمىغان. كېيىنچە لىيەن شىشەننىڭ پىكىرلىرى يۈەن ئوردىسىدا تەكشۈرۈش ئۆزۈمى بولۇپ قالغان. ئۇ كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، بۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى مۇھىم تۆھپە بولۇپ قالغان.

لىيەن شىشەن بېيجىڭغا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولۇپ تۇرغاندا، بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەسكىن ۋە قاتتىق بولغان. بېيجىڭ خان ـ ۋەزىرلەر جەمەتى جايلاشقان مەركەز بولغاچقا، بەزى ئىشلاردا يۈز قاراشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن لىيەن شىشەن بۇنداق ئىشلاردا قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي، ئادىللىق بىلەن ئىش بېجىرگەن، بۇ يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرگەن.

لىيەن شىشەن زىيالىيلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئۆلىمالار چاكار بولماسلىقى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن، جىڭتياۋدا ئەمەلىيلەشمىگەن. لىيەن شىشەن بۇ يەردىكى خىزمەتلىرىنى باشقۇرغان چاغدا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شەخسىي پۇل چىقىرىپ نۇرغۇن زىيالىيلارنى چاكارلىقتىن قۇتۇلدۇرغان.

لىيەن شىشەننىڭ زومىگەرلەرنى چەكلەپ، مىسكىن پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ. ئەينى ۋاقىتتا جىڭتياۋ رايونىدا جازانىخورلۇق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە بەرگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا دەسمايىسى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان. دەسمايىسى قايتۇرۇلسا، ئۆسۈمى يەنە كۆپەيگەن. لىيەن شىشەن مۇنداق ئۆسۈم ھېسابلاش ئۇسۇلىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. كېيىن بۇنى دائىملىق پەرمان قىلىپ بېكىتكەن. (6)

مەشھۇر ئەرباپلارنىڭ ئىشتىن سىرت قىزىققانلىرى

ماركس: ماركس كىتابخانىلارنى ئارىلاش، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى.

لېنىن: شاھمات ئويناش، سەيلە قىلىشقا قىزىقاتتى.

لىۇ بوچىڭ: شېئىر يېزىش، كىلاسسىك ئەدەبىيات، مۇزىكا ـ تىياتىر ۋە ئۈسسۇلغا قىزىقاتتى.

لۇشۈن: گۈل سەيلىسىگە قىزىقاتتى.

شايەن: ماركا توپلاشقا قىزىقاتتى.




مۇھەممەد تالىپ

ئۆتكەن يىل ئۆكتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى. شايار ناھىيە گۈلباغ يېزا كىچىك گۈلباغ كەنتىدىكى ياقۇپ سەمەتنىڭ ھويلىسىغا سومكا كۆتۈرۈۋالغان چوڭ - كىچىك يەتتە نەپەر خەنزۇ يولداش كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 13 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى قىزچاق يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ ياقۇپ سەمەتنىڭ قولىغا ئېسىلىپ خۇشاللىقنى باسالمىغان ھالدا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تەرجىمانمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرغاچ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىشقا باشلىدى. چوڭلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . . .

ئۆتكەن يىل ئاۋغۇست ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى ياقۇپ سەمەت ئەپكەش كۆتۈرۈپ چوڭ ئۆستەڭگە سۇغا چىققاندا، ئۆستەڭنىڭ نېرى قېتىدا ئىككى قىزچاق ئويناۋاتاتتى. ئۇ گۈللەرنى سۇغۇرۇپ بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم سۇغا چىققاندا قىرغاقتا ئويناۋاتقان قىزلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەمدىلا ئۆستەڭدىن سۇنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا يېڭى سېلىنغان سېمونت كۆۋرۈكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە «بۇلۇق - بۇلۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى - دە، ئۇنىڭ ئېسىگە دەرھال ھېلىقى ئويناۋاتقان بالىلار كەلدى. ياقۇپ سەمەت ھېچ ئىككىلەنمەي قولىدىكى ئەپكەشنى تاشلىۋېتىپ ئۆستەڭگە سەكرىدى. ئۆستەڭنىڭ تېگىگە لاي تېنىپ كەتكەچكە ئۇ سەكرەپ چۈشۈپلا پېتىپ قالدى. ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ پۇتىنى لايدىن تارتىپ ئېلىشىغا بىر بالا قولىغا ئۇرۇلدى. ئۇ دەرھال ھېلىقى بالىنى تۇتقان پېتى قاشقا ئىتتىردى. قاش سىرىلاڭغۇ بولغاچقا بالىنى قاشقا چىقىرىش تەسكە توختىدى. شۇنداقتىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ بالىنى قاشقا ئېلىپ چىقىپ تۇرۇشىغا يەنە بىر بالا سۇدا بىر كۆرۈنۈپلا چۆكۈپ كەتتى. ياقۇپ سەمەت ئۆزىنىڭ ھېرىپ - چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي ئىككىنچى قېتىم سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇ بالىنى ئىزدەپ تاپتى ھەمدە ئۆزىمۇ بەكلا ھالسىراپ قالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر خىيالى بۇ بالىلارنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ قېلىش ئىدى. ئۇ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بار كۈچىنى يىغىپ بالىنى قاشقا ئىتتىرىپ چىقاردى. ئۇلارنى كۆلەڭگىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ، بىر - بىرلەپ كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سىلكىپ، قورسىقىدىكى سۇنى ياندۇرغۇزدى. ئۇلار ھوشىغا كېلىشكە باشلىدى. ياقۇپ سەمەت خۇددى ئۆز سىڭىللىرىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تۈزەپ، تولۇق ئەسلىگە كەلگىچە يېنىدا قاراپ ئولتۇردى. قىزلار تولۇق ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ يولغا سېلىپ قويدى.

بۇ قىزلار ناھىيە بازىرىدىن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى دەن شۇلىڭ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى يەنزى ئىدى. ئۇلار يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سىرتقا ئويۇنغىلى چىقىپ، ئۆستەڭ يويىغا كېلىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

## ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قان گۇرۇپپىسى

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قان گۇرۇپپىسى بىر ـ بىرىنى چەكلىسە قان سۇيۇقلۇقىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ قان سۇيۇقلۇقى «خ ر» مۇسبەت سۇپەت. ئايالنىڭ «خ ر» مەنپى سۇپەت بولسا بىر ـ بىرىنى چەكلەيدۇ. قان سۇيۇقلۇقى بىر ـ بىرىنى چەكلىسە تۇغۇتتىن ئۈمىد يوق. ئايال ھامىلدار بولغاندىمۇ بالا قورساقتىلا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەر ـ خوتۇننىڭ قان سۇيۇقلۇقى بىر ـ بىرىنى چەكلىگەن ھالەتتىمۇ ھامىلدار ئايال تۇغىدۇ. لېكىن بوۋاق تۇغۇلۇشىدىنلا قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزى بوۋاقلاردا قان ئاز بولغانلىقتىن. دەلدۇش بولۇپ مېڭىسى ئىشلىمەيدۇ. ياشلار تويدىن بۇرۇن قانلىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم. (9)

## ئۆسمۈرلەر ئاخبارات رېداكسىيىسى

بۇ ئالاھىدە ئاخبارات رېداكسىيىسىنىڭ مۇخبىر ۋە مۇھەررىرلىرى يەتتە ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەر. لېكىن 14 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ئاكا ـ ئاچىلىرى ئۇلارنىڭ ياردەمچى مۇھەررىرلىرى. ئۇلار ھازىر ئامېرىكا، ياپونىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيىنىڭ يەتتە شەھىرىدە تارماق رېداكسىيە تەسىس قىلغان. ئۇلار گېزىت ـ ژۇرناللار ئۈچۈن ماقالە يېزىپ قالماستىن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى مەخسۇس پروگرامما نومۇرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كىتاب نەشر قىلىدۇ. بۇ ئامېرىكىلىق كارخانىشۇناس باۋېر. كىزەنتون ئەپەندى 1975 ـ يىلى ئاچقان دۇنيادىكى بىرىنچى ئۆسمۈرلەر ئاخبارات رېداكسىيىسى. (9)

## مۇخبىرلىق مەيدانىغا كەلگەن جاي

دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى مۇخبىر ياۋروپادىكى ۋېنتسىيەدە مەيدانغا كەلگەن. 16 ـ ئەسىردىكى ۋېنتسىيە ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى، بانكىرلار ھەممىدە ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلىرى شەھەر ئىچىگە توپلىشىپ، جانجان مەنپەئەتكە ئالاقىدار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەۋەرلەرنى ئىگىلەيتتى. بەزىلەر مەخسۇس سىياسىي ۋەقەلەر، پاراخوتلارنىڭ سەپەرگە چىقىش خەۋەرلىرىنى گېزىت قىلىپ ئاشكارا ساتاتتى. ئۇلارنى دوكلات قىلغۇچى مۇخبىر، گېزىت مۇخبىرى، دەپ ئاتايتتى. بۇ ئاخبارات سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەر دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى كەسپىي مۇخبىرلار ئىدى. (9)

## قىتئەلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئاسىيا: قەدىمكى زاماندىكى فىنكىلار ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى يەرلەرنى ئاسىيا دەپ ئاتىغان. مەزمۇنى كۈن چىقىدىغان يەر دېگەن بولىدىكەن.

ياۋروپا: قەدىمكى فىنكىلار ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى يەرلەرنى ياۋروپا دەپ ئاتىغان. مەزمۇنى قۇياش ئولتۇرىدىغان يەر دېگەن بولىدىكەن.

ئامېرىكا قىتئەسى: ئىتالىيىلىك دېڭىزچى ئامېرىكا بايقىغان يېڭى قۇرۇقلۇقنى ياۋروپالىقلار ئامېرىكا دەپ ئامېرىكىنىڭ ئىسمى بويىچە قويغان.

ئاۋستىرالىيە: 17 ـ ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار يەر شارىنىڭ ئەڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قۇرۇقلۇق دەپ خاتا چۈشىنىپ، ئاۋستىرالىيە — جەنۇب تەرەپتىكى قۇرۇقلۇق دەپ ئاتىغان.

## ئۈچ ئىقتىسادىي بەلباغ

يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان»دا ئايرىلغان ئۈچ ئىقتىسادىي بەلباغ رايونىنىڭ ئايرىلىشى تۆۋەندىكىچە:

شەرقىي بەلباغ: لياۋنىڭ، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خېبېي، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى.

ئوتتۇرا بەلباغ: خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، شەنشى، ئىچكى موڭغۇلىيە، ئەنخۇي، جياڭشى، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن.

غەربىي بەلباغ: سىچۇەن، يۈننەن، گۇاڭجۇ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (9)

## گاز ئوچىقى ئۈستىدە يېمەكلىك ئىسسىتىشقا بولمايدۇ

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەر دائىم گاز ئوچاقنىڭ ئۈستىدە نان، مانتا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىسسىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ توغرا بولمىغان بىر خىل ئادەت. چۈنكى گاز پروپان، پروپىلىن، بۇتان، بوتىن قاتارلىق كاربون، ھىدروگېن بىرىكمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ۋە يەنە بەزىبىر ئارىلاشما ماددىلار بولۇپ، ئوكسىگېن گازى يېتىشمەي، تولۇق كۆيمىگەن ۋاقىتتا كاربون چالا ئوكسىدى ۋە ئاماكا كۈلى پەيدا بولىدۇ. ئاماكا كۈلى نەپەس يوللىرىنى غىدىقلاپ، يۆتەلدۈرۈپ، كۆزدىن ياش ئاققۇزۇپ ئادەم بەدىنىگە زىيان قىلىدۇ. شۇڭا گاز ئوچىقى ئۈستىدە يېمەكلىك ئىسسىتماسلىق لازىم. (9)

## كارخاناشۇناسلاردىكى ئىقتىدار

بازار قارىشى. بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يۈزلىنىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش. (2) ئىشلەپچىقىرىش قارىشى. سالغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز مەبلەغ سېلىپ كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. (3) پۇل مۇئامىلە قارىشى. مەبلەغنى توپلاش ۋە ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش. (4) رىقابەت قارىشى. ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، رىقابەت جەريانىدا يېڭىلمەس ئاساس تىكلەش. (5) ئەقلىي كۈچلەرنى ئېچىش قارىشى. تېخنىك خادىملارنىڭ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. (9)

## تاۋۇزنىڭ پايدىسى

تاۋۇزنىڭ تەركىبىدە ئاساسلىق سەۋزە ۋىتامىنى، ۋىتامىن «1ب»، «2ب»، «س» ھەمدە كالىي، فوسفور، كالتسىي قاتارلىق ئاز مىقداردىكى ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق ئېلېمېنتلار بار. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئادەم ھەر كۈنى 30 50 گرامغىچە سىلىلوزاغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، سىلىلوزا يېتىشمىسە چوڭ ئۈچەينىڭ پائالىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئادەم بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەر يۈز گرام تاۋۇزنىڭ تەركىبىدىكى سىلىلوزا 0.5 گرام بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر تاۋۇز بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلانسا، سىلىلوزا كەمچىلىكىنى تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاۋۇزنىڭ تەركىبىدە مېۋە يېلىمى بولۇپ، ئۈچەي يوللىرىنى قوغداش رولى بار. (9)

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1987 - يىل، فېۋرال

2 - سان

(ئومۇمىي 26 - سان)

## بىر بۇرادەر ...

ئابدۇللا سۇلايمان

بىزدە بار ساۋاتلىق بىر كىشى
ياشايدۇ ئۆمرىدىن ئۆكۈنۈپ
تۆت ئادەم بار يەرنى تاپقاندا
سۆزلەيدۇ، ئاڭلاشنى ئۇنتۇپ

خۇرسىنىپ باشلايدۇ سۆزىنى
«پالانى يېزىپتۇ كىتاب» دەپ
«بولسىدى ۋاقتىم گەر ...» دەيدۇ ئۇ،
مېنىڭمۇ يازمىقىم ئوڭاي گەپ.

ەن» دەيدۇ «كۆزۈمگە ئىلمايمەن
بىرىنى، خوشۇم يوق شائىرغا
ئاجايىپ بىر ئەسەر يازىمەن،
بىر كۈنى ئايلىنىپ ماھىرغا ....»

بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا بىرسىدىن،
چىقىدۇ كىنايە سورىقى
دېمە: «شېئىر يېزىشقا بولىدۇ
بولسىلا ئىلىمنىڭ سۈنىقى

سەن ئەجەپ بىلىملىك، تەدبىرلىك
بىلىسەن خەت - يېزىش، ئوقۇشنى
قويۇپتۇ سەن تۇرغان يەردە كىم —
ئۇنىڭغا كۆي - قوشاق توقۇشنى ...؟!»

بۇ - ماختاش، سۆكۈشمۇ ئايرىماي
تېنىگە سىغمايدۇ كىبرىلىپ
يېڭى بىر تېمىغا كۆچىدۇ،
بۇ چاغ ئۇ قايتىدىن «تىرىلىپ»

«بۈگۈنى تەتقىقات قىلىمىش،
يېقىندا پۈتكۈدەك ئەسىرى،
بىلىمەن ئۈنچىلىك ئەمەس ئۇ،
يازغىنى يازمىلار تەپىرى.

ئۇ، ئەسلى بىر سائەت دەرسىنى،
ئوڭلايمىلا ئۆتەلمەي يۈرگەنتى.
شۇڭا چوڭ پىپەنىڭ ۋاقتىدا،
ئىت - ئېشەك كۈنىنى كۆرگەنتى.

مەنمۇ بىر ماقالە توپلىمىنى،
بېرىمەن تەييارلاپ نەشرىگە،
ئۇنىڭدا سۆزلەنتەر پاكىتلار،
ئۇلىنىپ مۇقەددەم ئەسىرگە.»

خىڭگىلداپ سۆزلىسە ئۇ ھەدەپ،
تاتلاپ تىلىنى باشقىلار،
دېمە: «بۇ ئاي - كۈندە ئەمەلمۇ،
كىملەركەن سېنىڭدەك باشقىلا.»

سېرىق شۇ يىغىدۇ قوۋزىغا،
چەكچىيىپ شۇ ھامان كۆزلىرى؛
دەيدۇ ئۇ قاراپ ھەر ئەرەپكە:
«ھەممىنى بىلىلا ئۆزلىرى؛

تۇغۇلغان ئىكەنمەن، قارىسىلا،
ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەن يىل.
ھېچكىمنى رەنجىتمەي خىزمەتتە،
بولدۇم ئەل چاكىرى - يۇۋاش پىل.

شۇنچە يىل تەر تۆكۈپ ئىشلىسەم،
ئالمىدى ھېچكىممۇ تىلىغا.
ئىلاھىم نامىمنى بۈگۈنلا،
سابىتۇ ئۆزلىرىنىڭ دىلىغا.

يۇرتداشلىق ھۆرمىتى ئەمەسمۇ،
مەن ئۇچۇن سۆزلىسىلە يىغىندا.
خەۋىرىم بار، مەمۇرىيەت ئىچىدە،
چوڭ تەڭشەش بولىدۇ يېقىندا.

ئالغاندا ئەمەلنى قولۇمغا،
سىلىنى قالمايمەن ئۇنتۇپ.
ئوڭشايمەن ئىدارە ئىچىنى،
ھەممىگە پەسىنى تونۇتۇپ ...».

كەتسە باش چايقىشىپ ھەممەيلەن،
زېرىكىپ ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن؛
ئاھ تارتىپ قويىدۇ شۇندا ئۇ،
پۇشايمان يېگەندەك ئۆزىدىن.

• • •

كىتابخان، قىلىدىمەن خەۋەردار،
سىلەرنى بۇ كىشى ئىشىدىن.
ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسىتىپ،
ئۆتكۈزگەن ئالاي باز - قىلىشىدىن.

كىم بولغاي، ئۇ نەدە ئىشلەيدۇ؟
دەپ، سوراپ يۈرمەڭلەر ئىزدىنىپ،
مەكتەپ ھەم ئىدارە، زاۋۇتتا،
يۈرۈيدۇ سىلەرگە قېتىلىپ.

ئەخلاقىي كېسەل بۇ بۇرادەر،
ئالار ئەپ يەنىلا ئارىدىن.
يادايدۇ بەلكى كۆپ قۇلاقلار،
ماختىنىش ئاۋازى - زارىدىن ...

## پارچىلار

قادىر سىدىق

ئاينىڭ جايى كۆكتە بولسىمۇ،
بۇلار ئىكەن ھامان چىققىلى.
ئەلنىڭ رايى كۆكتىنمۇ ئېگىز،
بولمايدىكەن ئاسان چىققىلى.

ئۇرۇق ئۆزىمەيدۇ شورلۇقتا،
كۆڭۈل ئۆسمەيدۇ كورلۇقتا.
بىلىمدىن ئالمىساڭ قۇۋۋەت،
ئۆتەرسەن مەڭگۈ خورلۇقتا.

نادانلىق دەستىكى - تەخسە،
جېنى يوق ئايرىلىپ كەتسە.
شۇ يولدا چاپسىمۇ تىنماي،
ھامانەم ئىززىتى پەستە.

## بىزام ھۆسنىگە باقسام

مۇھەممەد مۇسا

ئاجايىپ كۆركۈزلۈك ساباھەت باغچام.
رەڭمۇ-رەڭ گۈزەللەرگە تولغان كەڭ بىزام.
باققانسەدەڭ سۈيۈملۈك يارىغا جانان.
قارايمەن ھۆسنىگە قەلبىم ئاڭا رام

ئەلمۇرۇپ قارايمەن يۇرتۇم ھۆسنىگە.
بېرىدۇ ئۇ ماڭا يالقۇنلۇق ئىلھام.
ئالەمچە شانلىققا تولىمەن دوستلار.
بىزامىنىڭ شەنىگە قوشاقلار يازسام.

ئۇندا كۆپ يېڭىلىق، تەرىپ بەتمەيدۇ.
بىزامىنىڭ ھۆسنىدىن خىجىلدۇر جەننەت.
يۈزلەنكەچ بىزامىغا بەخت ۋە ئامەت.
ئۇندا ھەر يورەكلەر سىزىدۇ راھەت.

مەن ئاشۇ بىزىدا ئۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
ئۆزمەستىن جاراڭلىق ناخشىلار توۋلاپ.
مەن ئاشۇ بىزىدا پۇرىغان گۈللەر.
بۇلبۇل بوپ گۈللەرنىڭ ئىشقىدا سايراپ.

## باغۋەن قىز

قۇدرەت مىجىت

باغۋەن قىز باغقا كېلىسەن كۈندە..
بوستان چېچەكنى كەينىڭگە تاشلاپ.
سىڭدۈردۈڭ باغقا تەرلۇ-ئەجرىڭنى،
ھاياتىڭ ئۆتەر بۇندا زەپ ياشاپ.

يالقۇنلاپ ئۆرغان ئوتلۇق يۈرىكىڭ،
بولدى مېۋىلەر ئەكسىدە ئايان.
سەن مەدھىيىلەشكە لايىق بىر گۈلسەن،
بۇنىمەس ئىش-ئىزىڭ قىلساق بىز بايان.

ئالتۇن نۇر چېچىپ چىققان قۇياشمۇ،
نۇرىمايدۇ رەڭدار مېۋىگە تاراپ.
شۇ چاغ باغۋەن قىز زوقنىڭ تاشىدۇ،
مېھنەت مېۋىگە كۈلگەنچە قاراپ.



## ئەنجىنىڭ كوچىسى

ئابلىز ھەسەن

ئەنجىگىلۇ — ئادىمى مىغ-مىغ چوڭ كوچا،
ئىچىلغان دۇكانلار قەۋەت-قەۋەتلەپ.
ھەيۋەتلىك كوچىنىڭ قاينامىلىقىنى،
شۇ ئاپتا مەن قانداق بېرەي سۆزلەپ.

ھارمايدۇ تىنىمسىز قاتناپ ترامۋاي،
خېرىدار چاقىرار يۈزلەپ چوڭ دۇكان،
دەۋرىمىز شەنىگە ئالقىش قەدىمى،
ئۆتەر قول تۇتۇشۇپ تومەن خۇش چىراي.

بۇلبۇللار ماكانى جۈڭشەن باغچىسى،
بۇ يەردە خۇاگىيۇجىياڭ دېڭىزغا ئۇتاش.
جەڭگىۋار تارىخنىڭ چوڭ گۇۋاھچىسى،
ئەنجىگىلۇدا ياتقان ھەر بىر گىگىنت تاش.

ئەنجىگىلۇ — شاڭخەينىڭ ئاۋات كوچىسى،
ئادەم دېڭىزىغا-كىردىم قايناملا.
ئەقەدەر پەيزى ئاھ شاڭخەي كېچىسى،
ئوخشاركەن كۈن-تۈنى ئىسلى بايرامغا.

1986-يىل. شاڭخەي

## مېۋىلىك كۆچەت

ھاجى مۇھەممەد ئۇر

ھەر كىشى تىكەر مېۋىلىك كۆچەت.
ئەلگە شەربەتلىك مېۋە بەرسۇن دەپ.
ئۆستۈرەر ئۇنى پەرۋىشلەر قىلىپ.
كىشىلەر ئۇندىن بەھرى ئالسۇن دەپ.

ۋەتەن ۋە خەلقىم ئۆستۈردى مېنى.
قان-تەر ئاققۇزۇپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ.
ئۆتسەم ئۆمرۈمدە رازىمەن شۇنچە.
ئەل ئۈچۈن كۆپرەك مېۋە قالدۇرۇپ.



## چاقماق

مەتتوختى ئەخمەت

بىر دەقىقە ئۆمرۈڭ (بەك قىسقا)،
يالت قىلىسەن، ئەزەر سالىسەن.
ئالماس بەگلىغ تىغىڭ بەك ئۆتكۈر،
شارت قىلىسەن، ئۇننى يارىسەن.

داغ يۈز ئايدەك ماراپ ھەمىشە،
بىر خاسىيەت يۈرمەك سەندە يوق.
چاقنىشىڭدىن (مەيلى دەقىقە)
نۇر ئالىدۇ ئالەم ئېڭ يورۇق.

چاقنا چاقماق، ئۆرغىن تىنىمنى،
ئۇچۇقسۇنكى قارا كۆڭۈللەر.
ياخشىلارغا يارالغان ئالەم،
ئاككۆڭۈلنى ئورىسۇن گۈللەر.

## ياشلىق

كۈرەشجان ئۆمەر

ئۆمۈرنىڭ باھارى، غۇنچىسى ياشلىق،
ئۇ بەخش ئېتىدۇ كىشىگە زىننەت.
ياشلىقتا جۇش ئۇرار ئىجتىھات قىينى،
ياشلىقتا يېتىلەر شىجائەت قۇۋۋەت.

ئەربابلار ياشلىقنى «ياشالىقىم» دەپ،
ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئىنسانلار.
ياشلىقتا ياشنار ئىنسان غايىسى،
ياشلىقتا ئۇرغۇلار ئارزۇ-ئارمانلار.

ياشلىقتا تەر تۆكۈپ ھالال ئەجرى قىل،
ئەجرىسىز ھېچقاچان بولماس مۆجىزات.
بەختىنى تاپالماس تەر تۆكمەي ھېچكىم،
شۇڭلاشقا ياشلىقتا قىل سەن ئىجتىھات.

# باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك

ۋاسىلى. سۇخوملىنسكىي

ماقال ـ تەمسىللەردە «ياخشى ئىش كۆپ ئەجىردىن كېلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ سۆز چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. مۇھەببەت باغ ئىچىدىن گۈل ئۈزگەنگە ئوخشاش مەنپەئەتدار بولۇش ئەمەس. بەلكى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ باغنى بىنا قىلىپ، مۇھەببەتنىڭ گۈلىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش. مۇھەببەت گويا ئىجادىيەت ۋە بالا تەربىيىلەشكە ئوخشاش مەنىۋى جەھەتتە ۋە ئىرادە جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مۇھتاج. مۇھىمى تۇرمۇشتىكى غايە. ساداقەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا ماھىر بولۇش. پسىخولوگىيە ۋە ئەخلاق تەرەپتىكى ساپلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش. قارشى تەرەپكە ياردەم بېرىشكە ھەر دائىم تەييار تۇرۇش لازىم. دائىم دېگۈدەك مۇنداق ئەھۋالنى كۆرگىلى بولىدۇ: بەزى كىشىلەر توي قىلىشتىن بۇرۇن قىزغىنلىق بىلەن مۇھەببەت باغلايدۇ. لېكىن ئائىلە تۇرمۇشىغا بەرداشلىق بەرمەككى قىيىن. بۇنى ھەمىشە كىچىك ئىشلار پەيدا قىلغانلىقتىن. كىچىك ئىش قەدەممۇ قەدەم دوستانىلىق ۋە بىرلىك كەيپىياتىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. دەرۋەقە ئائىلە تۇرمۇشىدا تاكاللاشماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس، لېكىن تاكاللىشىش سادىر بولۇۋەرسە ئائىلە تۇرمۇشىغا بەرداشلىق بېرىش قىيىن بولىدۇ.

تاكاللىشىش مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. مۇنداق قارىماققا ئۇنىڭ زىيىنى يوقتەك. ئەمەلىيەتتە بۇ دۈشمەن قورقۇنچلۇق. بەزى كىشىلەر توي قىلغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى بولۇپ. پەقەت كۆز يۈگۈرتمەي. غەم ـ



ئەندىشىسىزلا مۇھەببەتنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلاپ، تۆھپە قوشۇشنى خالىمايدۇ. مۇنداق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا تاكاللىشىش يۈز بېرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل مۇھەببەت قارىشى ئىچىگە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ مەنبەسى يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى: خاپا بولۇش. تاكاللىشىش. بىر ئادەم ئەگەر مۇھەببەتنى چەكسىز ھوزۇرلىنىش دەپ قارايدىكەن. ئۇ ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ

قارىشىچە: ئائىلىنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشى. ئەلۋەتتە ئۇ بىۋاستە ھالدا «سەن ماڭا ئېيتىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بىرەر پۇرسەت بولسىلا ئاسانلا ئاغرىنىدۇ.

ياخشى ئىشنىڭ كۆپ ئەجىردىن كېلىشىنى ئالدى بىلەن چۈشىنىش لازىمكى: مۇھەببەت كۆپرەك قارشى تەرەپنى خۇشاللىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈندۇر. بىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن قارشى تەرەپ تەمىنلىگەن خۇشاللىق قانچە كۆپ بولسا. ئەپسانىۋىچىلىكنىڭ تويماس چۈشەن لىچىنكىسىنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى يېيىشى بارغانسېرى ئاز بولىدۇ. ئۆزىنى توغرا باھالاش ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە كۆيۈنۈشنىڭ ئاساسى. كۆيۈمچانلىقنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى. باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشكە ماھىر ئادەم ھامان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئاجىزلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا سۆيگەن ئادىمىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە پەرەز قىلالايدۇ. ئۇ (ئۇ) نىڭ ئېھتىياجىنى — ياخشى سۆزدە ئىپادىلەپ ھېسداشلىق قىلىدۇ. يەنە جىم بولۇۋالىدۇ (بەزى ۋاقىتتا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئادەم ئازار يەيدۇ). ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىشنى بىلمەيدىغان ئادەم. بەزى ۋاقىتتا سۆيگەن ئادىمىنىڭ جىم بولۇپ سۆزلىمەسلىكىنى. كىشىگە ئارىلاشماسلىقىنى. پوزىتسىيىسىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ياكى ئەكسىچە غەزەپلەنگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ زادىلا يېقىن كىشىنىڭ بەختسىزلىككە ئىنكاس قايتۇرۇشقا ماھىر ئەمەس. ئومۇمەن ئۆزئارا ھالىغا يېتىپ غەمخورلۇق قىلالايدىغان ئائىلە مەڭگۈ كىچىككىنە ئىشلار سەۋەبىدىن جېدەل قىلمايدۇ. ھېسسىياتى ئۆزگىرىشكە ئۇچرىمايدۇ. مۇنداق ئائىلە ئىچىدە ئازاب ۋە تۇرمۇشتىكى كۆلەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى ئەر - ئايالنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ.

مۇنداق پىكىرلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز: مەلۇم ئائىلىنىڭ مۇھەببىتى ماددىي تۇرمۇش ۋە ئولتۇرىدىغان ئۆي مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ماددىي تۇرمۇش ۋە ئولتۇرىدىغان ئۆي شەرتلىرى ئەر - ئايالنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى مۇستەھكەملىشىشىنىڭ ۋە پىشىشىنىڭ مۇناسىۋەتتىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ قالدى. بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزدە تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ماددىي شەرت يوق. ئادەملەرگە ئىشىنىشسىزلىق تەھدىتى يوق. ئەتىنىڭ چىنە - قاچىسىدىن ئەنسىرەش ئاللىقاچان ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. شۇڭا، مۇھەببەتنىڭ ۋاقىتلىق تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن سوۋۇپ كېتىشى — بىر ئەپسانىۋىچىلىك. سۆيگەن ئادىمىگە نىسبەتەن قويۇلغان ئارتۇقچە تەلەپنىڭ نامايەندىسىدۇر.

مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار. كۆز قاراش، ئېتىقاد — كىشىلىك ھاياتتىكى غايىنىڭ بىردەكلىكى. ئەگەر كىشىلەر دوستلۇق جەريانىدا ئومۇمنىڭ ئىشلىرىدا مەلۇم بىر مەقسەتنىڭ ئېھتىياجىنى ھېس قىلىپ ئالاقىلىشىدۇ دېيىلسە. ئۇنداقتا، مۇھەببەت جەريانىدا بۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر پەقەت قارشى تەرەپكىلا تەئەللۇق. ئەمما بۇنداق «قارشى تەرەپكە تەئەللۇق بولۇش» بىر ئادەمنىڭ ھوقۇقىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. گويا بىز ئەڭ گۈزەل نەرسىنى ئىشغال قىلغاندەك بىر خىل ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەخلاق مەسئۇلىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەمراسىنىڭ ھەرىكىتى، ئىپادىسى، روھىي قىياپىتىگە نىسبەتەن ئەخلاق گۈزەللىكى تەرەپتىن ھالىغا يېتىپ غەمخورلۇق قىلىنسا، ئادەمگە بارغانسېرى بەخت قوشۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سۆيگەن ئادىمى بىلەن ئورتاق تەلىپى بار. ئىككى تەرەپ خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ: مېنىڭ ۋىجدانىمنى چاقىرىۋەتكەندە — مېنىڭ ھەرىكەت تېرىنىرىمدىن باشقا، يەنە مېنىڭ سۆيگەن كىشىمنىڭ ۋىجدانى بار. (9)

## سەنئەتنىڭ جېنى

ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق ھازىرقى زامان رەسسامى گاراخان سۇتېرلاند چېرچىلنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىقىدۇ. ئەتقاداتچىلار بۇ سۈرەتنى «بىر ئۆلمەس مۇۋەپپەقىيەت» دەپ ماختايدۇ. لېكىن، چېرچىل بۇ سۈرەتنى ياقتۇرمايدۇ. ئاشكارا سورۇنلاردا كۆرگەزمىگە قويۇلۇشىنى مەنئى قىلىدۇ.

دوستلىرى چېرچىلنىڭ سۆزىنى سۇتېرلاندقا يەتكۈزىدۇ. سۇتېرلاند:

— سەنئەتنىڭ جېنى چىنلىق دېمەكتۇر. مەن نېمىنى كۆرسەم، شۇنى سىزىمەن. مەن خەق ماختىسۇن دەپ سەنئەتنىڭ چـ ـيىنى چىرايلىق سىزىپ ئۆزگەرتمەيمەن، — دەيدۇ.

1968 - يىلى ئەنگلىيە پادشاھ ئېلىزابېت II سۇتېرلاندقا ئۇنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن «پەخرى ھەمراھ» دېگەن نامنى بېرىدۇ. (6)

## تولستوينىڭ ئويغىنىشى

رۇسىيىلىك يازغۇچى لېف. تولستوي ياشلىق دەۋرىدە بىر مەزگىل شاللاقلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ كىتاب ئوقۇمايتتى، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيتتى. يىل بويى ھېچقانداق بىرەر توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايتتى. قىمار ئويناش، قەرز ئېلىش بىلەنلا بولۇپ ۋاقىتنى مەنىسىز ئۆتكۈزەتتى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ دەرھال ئويغاندى. ئۆزىنىڭ شاللاقلىق قىلغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىپ، خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تېپىپ چىقىدۇ. بۇلارنى مۇتو سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىۋالىدۇ. بۇ — جىدامسىز، ئۆزىنى - ئۆزى ئالداش، ياللىق مىجەز، ھاكاۋۇرلۇق، جۇش مىجەز، تۇرمۇشنى مەيلىگە قويۇۋېتىش، دورامچىلىق، كۆڭلەك، خاتالىق ئۈستىدە ئويلانماسلىق. ئۇ بىر قېتىملىق خاتالىق ئۈستىدە ئويلىنىش ئۇنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ. ئۇ شاللاقلىق تۇرمۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئىرادە باغلاپ، ئاكىسى نىكولايغا ئەگىشىپ كاۋكازغا كېلىدۇ. توپچىلار ئەترىتىدە بىر تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولىدۇ ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم تاشلايدۇ. (4)

## ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ سەۋەبچىسى

بېرنارد شاۋ ئىنتايىن خۇشچاقچاق ۋە قىزىقچى ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ھەققىدىكى لەتىپىلەر خۇددى ئۇنىڭ دراما ۋە رومانلىرىدەك كەڭ تارقالغان ئىدى.

بىر كۈنى سالپاڭ قۇلاق، خاپاناش بىر پوپ كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتقان ياداڭغۇ بېرنارد شاۋ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

— ئاي - ۋۇي، كىشىلەر سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىزنى كۆرسە، ئەنگلىيىلەر ئاچارچىلىقتا قاپتۇ، دېگۈدەك جۇمۇ! — دەپ ۋارقىرايدۇ. پوپ ئەتەي ھەيران بولۇپ.

بېرنارد شاۋمۇ پوپقا لاپپىدە بىر قاراۋېتىپ قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دەيدۇ:

— كىشىلەر سىزنىڭ تۇرقىڭىزنى كۆرسە، يەنە ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ سەۋەبچىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ قالىدىكەن! (6)

# قىممەتلىك سوۋغا



1. 1929 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېينشتېيننىڭ تۇغۇلغىنىغا 50 يىل تولغانىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى ئەزەلدىنلا خالىمايدىغان بولغاچقا، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كېلىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا يېزىغا قېچىپ كېتىدۇ.



2. ئېينشتېين تۇغۇلغان كۈنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا دوكاس ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن تەبرىك تېلېگراممىسى ۋە تەبرىك خەتلىرىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدۇ.





3. دوكاس كەلگەن سوۋغىلارنى بىرمۇبىر قولغا ئېلىپ تونۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ: گۈللەر، يۇڭ ... قاچا ـ قۇمۇچ ... بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ، زۇڭتۇڭ، مىنىستىر، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئاتاقلىق ئەربابلار ھەدىيە قىلغانلىرىدى. ئېينشتېين بۇلارغا قىلچە ئىشتىياق بىلدۈرمەي بېشىنى چايقاپ ئولتۇرىۋېرىدۇ.



4. بىر خالتا كۆك تاماكا سوۋغا قىلغۇچى ... ئېينشتېين بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئالدىراپ كاتىپنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنى تېزدىن كۆك تاماكىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ.



5. كاتىپ كۆك تاماكىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئېينشتېين خالتىنى ئاچىدۇ ـ دە، ئۇنى پۇراپ كېتىدۇ. خالتىغا بىر پارچە خەت تىقىپ سېلىنغان بولۇپ، خەتنى كۆرگەن ئېينشتېين كۆزىگە ياش ئالىدۇ.

ئەسلىدە بۇ كۆك تاماكىنى ... بىر پېشقەدەم ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ دۇنياغا مەشھۇر بۇ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، يېقىندا بىر ئامالىنى قىلىپ بۇ ئاددىيغىنە سوۋغىنى سېتىۋالغان. ئېينشتېين ئۆمۈر بويى ئالغان سوۋغىلاردىن ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ... چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بۇ پېشقەدەم ئىشچىغا بىرىنچى قېتىم رەھمەت خېتى يازىدۇ.

## كىيىم ئالماشتۇرۇش

بىر شىركەتتىكى كىيىم - كېچەك مودىلى دوستىغا دېدى:

— مەن يېڭىچە كىيىم - كېچەك كۆرگەزمە قىلىمەن: بىر كۈندە بەش قېتىم كىيىم ئالماشتۇرىمەن.

بىر كىچىك ئوغۇل بالا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېدى:

— بۇ يېڭىلىق ئەمەس. مېنىڭ سىڭلىم كۈندە 20 قېتىم كىيىم ئالماشتۇرىدۇ.

— سېنىڭ سىڭلىڭ قانچە ياشقا كىردى؟

— ئۈچ ئايلىق بولدى.

## ئاگاھلاندۇرۇش

ساقچى يۆلتۈزغا قاراپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىغا دېدى:

— ئەپەندى، ئەگەر سىز بارىدىغان يېرىڭىزگە قارىمىسىڭىز ئۇنداقتا، سىز ناھايىتى تېزلا قاراۋاتقان يېرىڭىزگە بارىسىز!

## كېڭەيتىپ قۇرۇۋاتقان

— قىممەت باھالىق بۇ ئاشخانىنىڭ تاماقلىرى نېمىشقا بارغانسېرى ئازلاپ كېتىدىغاندۇ؟

— نەدىكىنى، بۇ سىزنىڭ كۆرۈش سېزىمىڭىزدىكى خاتالىق. — بىز ئەمدىلا ئاشخانىنى كېڭەيتىپ قۇرغان.

## ئاجىز

بالىنىڭ ئانىسى نوقۇتقۇچىغا ئۇچراپ قالدى:

— ياخشىمۇ سىز. مېنىڭ ئوغلۇم يېقىندىن بېرى دەرسلەردە قانداقراق؟

ناھايىتى ئاجىز. بولۇپمۇ ماقالە يېزىشتا.

ئۆلمەيدىغان، چوقۇم يەنە مېنىڭ ئېرىمىگە ياردەم قىلىپ يېزىپ بەرگەن.

## «ئۇنتۇپ قاپتىمەن»

ياش يىگىت يېزىشقا باشلىدى: سۆيۈملۈكۈم. كەچۈرۈڭ. مەن مۇشۇنداق ئۇنتۇغاق! تۈنۈگۈن كەچ مەن سىزگە توي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن ئىدىم. لېكىن. مەن راستىنلا سىز جاۋاب بەردىڭىزمۇ يوق ئەسلىيەلمىدىم.

قىز جاۋاب خەت يېزىشقا باشلىدى: — سۆيۈملۈكۈم. سىزنىڭ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە تۈنۈگۈن ئاخشام مەلۇم ئادەمنى رەت قىلغان ئىدىم. بىراق. مەن دەل ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

## ئالدامچى ئەمەس

مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ گېزىتىدە بىر ئاخبارات بېسىلىپتۇ.

«دۆلىتىمىزنىڭ پالاتا ئەزالىرى ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەك ئالدامچى ئادەم بار.»

گېزىت نارازىلىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن شۇ كۈنىلا تۈزىتىش بېرىپتۇ:

«دۆلىتىمىز پالاتا ئەزالىرى ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەك ئادەم ئالدامچى ئەمەس»

## باھاسى چۈشتى

مەلۇم شىركەتنىڭ خادىمى بارلىق كۆچى بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

ھەي، چىققان كېلىپ سېتىۋېلىڭلار، كىرىسلونىڭ باھاسى چۈشتى. بۇرۇنقى باھاسى 200 نەچچە سوم. ھازىرقى باھاسى 100 نەچچە سوم.

بۇرۇنقى باھاسى 200 نەچچە سوم؟

خېرىدارلار ئۈزۈلدۈرمەي سوراشقا باشلىدى.

200 سوم بىر پۇڭ. جاۋاب بەردى مال ساتقۇچى.

— ھازىرقى باھاسى 100 نەچچە؟

991 سوم 9 مو 9 پۇڭ.

## «سىپتىپ بەرمەيمەن»

بۇرۇن تۆمۈر قازان ساتىدىغانلار ھامان تۆمۈر قازانلىرىنى يەرگە تاشلاپ تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ، قازانلىرىنىڭ ياخشى، چىداملىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىكەن. بىر قېتىم بىر قازان سېتىۋالغۇچى قازاننى يەرگە تاشلىغان ئىكەن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قاپتۇ. قازان سېتىۋالغۇچى ئادەم كۆپچىلىككە قاراپ:

— بۇنىڭغا ئوخشاش قازانلارنى مەن سىلەرگە سىپتىپ بەرمەيمەن دەپتۇ.

## «ئويلاۋاتىمەن»

دوختۇر ياشانغان كىشىگە دېدى:

— ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش سۆيۈملۈكۈم. مەن سىزنى قېرىلىقتىن باللىقىڭىزغا قايتۇرالمايمەن.

— مەن بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەس.

— مەن پەقەت داۋاملىق قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

## قانداق ئادەمنى . . .

ئوغلۇم: — ئانا قانداق ئادەمنى خوپ - خوپ دەپ تۇرىدىغان ئادەم دەيدۇ؟

ئانىسى: — ھە، ئاغزىدا دائىم توغرا، توغرا، توغرا دەيدىغان ئادەم. دادىسى دېگىنىم توغرىمۇ؟

— دادىسى: — توغرا، توغرا، توغرا.

## يېزىقچىلىق ئۇسۇلى

بىر نەپەر ياش سودىگەرنىڭ ئايالى ئاتاقلىق يازغۇچىنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنى: يېزىقچىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى نېمىدىن ئىبارەت دېگەن مەسىلە ئىكەن.

— سولدىن تارتىپ ئوڭغىچە. جاۋاب بېرىپتۇ يازغۇچى.

## جاۋابلىشىپ باقمىغان

مېنىڭ ئىنىم ئەزەلدىن مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ باقمىغان. ئۇ مېنىڭ جاۋابلاشقانلىقىمنى بىلگەن ۋاقتىدا گەپ قىلمايدۇ.

— ئەگەر ئۇ جاۋابلاشسا سەن يەنە قانداق قىلىسەن؟

— لېكىن مەسىلە ئۇ ئەزەلدىن جاۋابلىشىپ باقمىغان - دە.

## «خاتا تۇرۇپ قويۇپتىمەن»

— بۇجاڭ ماڭا تېلېفون بېرىپتۇ.

— بەك كەم ئۇچرايدۇ، ئۇ ساڭا نېمىلەرنى دېگەندى؟

— پەقەت بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى، خاتا تۇرۇپ قويۇپتىمەن.

## «ئىككىنچى دەرىجىسى بولمامدۇ»

ئاچىسى ماتېماتىكا سوئاللىرىنى ئىشلەۋاتقان ئۇكىسىدىن سورىدى: — توكام سەن دەپ باقە، ئانامنىڭ ئانىسىنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟

— ئۇنىمۇ بىلمەمدىغان، ئانامنىڭ ئىككىنچى دەرىجىسى بولمامدۇ!

## ئاستا ھەرىكەت بىلەن چىش تارتىش

چىش ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولغان بىر ئادەم دوختۇرغا: پۇل تېپىشقا تارا تۇۋاتىكەنسىز، ئۈچ سېكۇنتتىلا ئۈچ ئامېرىكا دوللىرى تېپىۋېتىڭىز، — دەپتۇ. دوختۇر جاۋاب بېرىپ: ئەگەر خالىسىڭىز چىشىڭىزنى ئۈچ سائەت ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، ئاستا ھەرىكەت بىلەن تارتىپ قوياي.

(ھۆرنىگۇل تەرجىمىسى)



# ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشنى يېڭىشنىڭ چارىسى

ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاپ ئازاب چېكىدىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ بىر - ئىككى تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپلا ئۆز ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ بىر - ئىككى خىل ئارتۇقچىلىقىنى ئاخىرقى چەككىچە يەتكۈزگەن كىشىلەردۇر. تۆۋەندە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشنى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك چارىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. ئۆز نەتىجىلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىش. خىزمەت، مۇھەببەت، ئىشتىن سىرتقى قىزىقىش قاتارلىقلارغا ئائىت ئىشلاردا مەيلى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت چوڭ - كىچىك بولسۇن، ئۆزى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دەپ ھېسابلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىش كېرەك. بۇ ۋاقىتتا بىردىنلا «مېنىڭ ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇقراق قىممىتىم، ئىجادچانلىق ئىقتىدارىم بار ئىكەن» دېگەن پاكىت ئېسىڭىزگە كېلىدۇ.

2. ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ناھايىتى ئوچۇق كۆڭۈل بولۇش. ھەر قانداق كىشىدە كەمچىلىك بولىدۇ. ھېلىقىدەك ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئايايدىغان كىشىلەر تولىمۇ ھاماقەت كىشىلەردۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ جۇغى كىچىك بولسا، ئۇنى يوشۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن جۇغى كىچىك بولۇشىنىڭمۇ بىر تەرىپىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىدە، جۇغى كىچىك كىشىلەر جۇغى چوڭ كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرما بولىدۇ، ئالدىنقىسى يات كىشىلەر بىلەن ئاسانلا يېقىنلىشالايدۇ ھەمدە قارشى تەرەپتە ئاسانلا يېقىنلىق ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ. بۇنى بەزى ئاتاقلىق ئەربابلار ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. قىسقىسى، ئاجىزلىق ئۇقتىنى ئارتۇقچىلىققا ئۆزگەرتىش ناھايىتى مۇھىم.

3. ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېيتالايدىغان بولۇش. ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېيتالايدىغان بولۇش، ھەتتا ئۇنى بىر نەچچە كۈنگىچە تەكرارلاپ تۇرۇش ئۆز ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېيتالايدىغان بولۇش بىلەن سۆكۈتتە تۇرۇۋېلىشنىڭ ئۈنۈمىدە ناھايىتى زور ئوخشىماسلىق بار.

4. تاسادىپىي مەغلۇبىيەتتىن قورقماسلىق كېرەك، تۇرغۇزۇلىدىغان كىشىلەر ھامان پۇرسەت ئالدىدا ئارىسالدا بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بولغۇۋەرسە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئەھۋال تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشمۇ ئېشىپ بارىدۇ. كەسكىن ھالدا ئۆزىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇتقان ئىشنى چوقۇم ئومۇميۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

5. ئۈزۈلۈكسىز ياكى مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا قارىتا روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇش كېرەك. مەسىلەن، كېسەل بولۇپ قېلىش، ئۆلۈپ قېلىش، ئازاب چېكىش قاتارلىقلار.

6. باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كۆچايتىش، باشقىلاردىن تاما قىلماي، بەلكى باشقىلارغا تەقسىم قىلىشنى كۆچەيتىش كېرەك.

7. ئۆز يېغىرىنى ئاچماسلىق، يەر - جاھاننى ناھايىتى چوڭ دەپ قاراپ، يالغۇز مەغلۇبىيەت ياكى ئازابنىلا ئويلاپ قالماي، ئۇستىگە ئېلىۋېلىپ، ئاشۇ مەغلۇبىيەت ياكى ئازابقا چىڭ ئېسىلىۋېلىشنىڭ ئۆزى ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

8. ئەقىللىق كىشىلەرگە كۆڭۈلدىكى تۈگۈننى يېشىپ قويۇش. دوستلارغا ياكى ئۇستازلارغا كۆڭۈلدىكىنى ئېيتىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ: (1) كۆڭۈلدە ئارىلىشىپ كېتىپ ئېنىق بولمىغان مەسىلەر رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ. (2) ئەسلىدە مۇھىم دەپ قارىغان تەڭداشسىز ئىشلار بەلكىم سىزگە «ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقى»نى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسلىدە ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارىغان ئىشلار. ئاخىرقى ھېسابتا ئاچقۇچلۇق مەنبە بولۇپ قالىدۇ. (4) يۇقىرىقىدەك ئىزھار قىلىش. مەسىلە ھەل قىلىش تەدبىرىنى تېپىپ چىقىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

9. كۈلۈۋېتىش. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش بىر كىشىنىڭ ئاساسىي كەيپىياتىنى ئىگىللىغان چاغدا، ئۇنىڭ كۈلكىسى مۇقەررەر ھالدا ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كۈلەي دېسىمۇ بۇ خىل كۈلكە ئاۋازسىز «ئاچچىق كۈلكىگە» ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈلكىنىڭ باشقىلارنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىنى قوزغىشى ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. بەزىدە ئۇ باشقىلاردا خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كۈلۈۋېتىش كېرەك. ئاۋاز چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقى، باشقىلارنىڭ ئاڭلىشى ۋە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىشى ئۈچۈن بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ ئۆزىگە «خىتاب قىلىش» ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. قىسقىسى، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش كەيپىياتىنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇنىڭ توغرا ئۇسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتماسلىق دېگەنندە ھاكاۋۇرلۇقتا، پوچىلىقتا ئادەتلىنىش دېگەنگەپ كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ئۆزىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش كەيپىياتىنى يېڭىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (8)

## كۈلۈمسىرەش

كۈلۈمسىرەشكە پۇل خەجلەش كەتمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. كۈلۈمسىرەشكە ئېرىشكەن كىشى شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. كۈلۈمسىرەشنى ئاتا قىلغان كىشىمۇ ھەرگىز مۇشۇ سەۋەبتىن نامراتلىشىپ كەتمەيدۇ.

كۈلۈمسىرەش، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا تامام بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدىن قالغان خاتىرە، بەزىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

مەيلى كىم ھەر قانچە باي بولۇپ كەتسۇن. مەيلى كىم ھەر قانچە نامراتلىشىپ كەتسۇن. بەنىلا كۈلۈمسىرەشتىن خالىي بولالمايدۇ. مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن. كۈلۈمسىرەش بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىنى باي ھېس قىلىدۇ.

كۈلۈمسىرەش ئائىلىگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. سودىدا دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. كۈلۈمسىرەش — دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن بەلگە. ئۇ، چارچىغانلارنى دەم ئالدۇرىدۇ. روھىي چۈشكۈنلەشكەنلەرگە يورۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ، قايغۇ — ھەسرەت چەككۈچىلەر ئۈچۈن قۇياش. ئاۋارىگەرچىلىككە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى رېتسەپ.

لېكىن، كۈلۈمسىرەشنى پۇلغا سېتىشقا. ئىجارىگە بېرىشكە ۋە ئوغرىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ باشقىلارغا ئاتا قىلىنىشتىن بۇرۇن، ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيەتسىز. كۈلۈمسىرەشنى باشقىلارغا قايتىدىن ئاتا قىلالمايدىغان كىشىلەر باشقا ھەر قانداق كىشىگە قارىغاندا كۈلۈمسىرەشكە تېخىمۇ بەك مۇھتاج. (8)

(خەلچەم تەرجىمىسى)

## قاتىل بىلەن جورا بولۇش

لىۋىيىنىڭ رەھبىرى كازافى سافىيې بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن ئالتە قېتىم سۇيىقەستكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىمدا ئامان قالغان. ئۇنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى ئامال قىلالماي، يەتتىنچى قېتىم بىر مەرگەن ئايال سىيىسترانى ئىشقا سالغان. بۇ ئايال دەل ئاشۇ سافىيې ئىدى. كىم بىلسۇن، ئۇ كازافىيغا قورال تەڭلىگەن بىر پەيتتە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قىلىپ، مۇھەببەت ئىلاھى ئۇلارنى ئەسىر قىلىۋالغان. ئىككىيلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا توي قىلىشقان. بىراق سافىيېنى سېتىۋېلىپ كازافىغا قەست قىلماقچى بولغان ھېلىقى ئادەملەر جازالىنىپ، بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ «نىكاھلىنىش سوۋغىسى» بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ساھىپجامال سافىيې كازافىينىڭ خوتۇنى ھەم مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ قالغان. (4)

## تەنتەربىيە پادىشاھى.

پۇتبول پادىشاھى — برازىلىيە. ۋاسكېتبول پادىشاھى — ئامېرىكا. سەكەتە توپ پادىشاھى — ئەنگلىيە. سۇ توپ پادىشاھى — ۋېنگرىيە. مۇز توپ پادىشاھى — كانادا. كالتەك توپ پادىشاھى — ئامېرىكا. ئات توپ پادىشاھى — پاكىستان. مۇز تېيىلىش پادىشاھى — ئاۋستىرىيە. قارىغا ئېتىش پادىشاھى — فىنلاندىيە. قورشاۋ شاھمات پادىشاھى — ياپونىيە. قىلىچۋازلىق پادىشاھى — ئىتالىيە. قول توپ پادىشاھى — ئىتتىپاق گېرمانىيىسى. تېنىس توپ پادىشاھى — جۇڭگو. ئەگرى توقماقلىق توپ پادىشاھى — پاكىستان. پەي توپ پادىشاھى — ھىندونېزىيە. گولىپ توپ پادىشاھى — ياپونىيە. (4)

## رەڭلىك دەريا

ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تىنتو دەرياسى بىر خىل رەڭلىك دەريا ئىكەن. بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى يېشىل رەڭلىك كان رايونىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، دەريا سۈيى يېشىل تۈس ئالىدىكەن. ئوتتۇرا ئېقىنى كۆكۈچگۈچلۈق تۆمۈر كان رايونىدىن ئۆتۈپ، تىنتو دەرياسىغا قۇيۇلۇپ سۈيى توق يېشىل رەڭگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن؛ بۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى يەنە بىر قومۇلۇقتىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، سۈيى قىزىل رەڭگە ئايلىنىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر بۇ دەريانى ئەسىرىمىزدىكى ئەڭ ئالاھىدە دەريا — جەمئىيەتتىكى «رەڭلىك دەريا» دەپ ھېسابلايدىكەن. (4)

## «ئەسنەش نومۇرى»

نيۇ-يوركتىكى بىر تېلېۋىزور ئىستانسىسى يېقىندا ئالاھىدە بىر خىل كۆرۈنۈش تارقاتقان. بۇ كۆرۈنۈشتە بىر ئەر دېكتور ئۆزۈلدۈرمەي بىر نەچچە مىنۇت ئەسنىگەن. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، تېلېۋىزور ئىستانسىسى بۇرۇن ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر نەچچە كىشىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. نەلەيكە ئاساسەن، بىر مويسىپىت كىشىنى مەخسۇس «ئەسنەش نومۇرى»نى كۆرسىتىشكە بېكىتىپ، نومۇرلار ئاخىرلاشقاندا ئىكراندا بەش مىنۇت ئەسنەيتىكەن، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان كىشىلەر بۇنى كۆرگەن ھامان دەرھال ئۇيقۇسى كەلگەن. (4)

## سۈت ئىچىدىغان مىللەت

غەربىي ئافرىقىدىكى. گىۋىنىيىنىڭ شىمالىدىن مالىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان قۇملۇقتا ياشاپ كېلىۋاتقان رېدىلاي مىللىتى تا بۈگۈنگىچە ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بۇ ئاز سانلىق مىللەت پەقەت چارۋىچىلىققا تايىنىپلا جان باقىدىكەن. لېكىن گۆش يېمەيدىكەن. پەقەت ئۆزى بېقىۋاتقان تۆگە ۋە قويلارنىڭ سۈتىنىلا ئىچىدىكەن. تۆگە قويلارنى ئۆلتۈرمەي تومۇرىنى كېسىپ، مەلۇم مىقداردا قان ئېلىپ ئىچىۋالىدىكەن. كېسىلگەن تومۇر ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدىكەن. يەنە قان ئىچكۈسى كەلسە قان ئېلىۋېرىدىكەن. (4)

## غەلىتە توي

كېنىيىنىڭ چىكويۇ مىللىتىنىڭ قۇتلۇق كۈنىنى تاللاپ، قىز ئېلىپ قېچىش ئادىتى بار. بۇلاردىكى قىز ئېلىپ قېچىش كېلىن كۆچۈرۈشنىڭ بىر رەسمىيىتىدىن ئىبارەت. توي بولىدىغان كۈنى يىگىت دېيىشىپ قويغان دوستلىرى بىلەن پەيتىنى تېپىپ قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ. يىگىت قىزنى يۈدۈپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. قىز يالغاندىن قارشىلىق قىلىپ تىپىرلاپ، ۋارقىراپ ھەم يىغلاپ، راستتىن بۇلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. قىز ھوجرىغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىدۇ. (4)

## مۇسا قەلئەسى

لىۋاندىكى بۇ قەلئەنى مۇسا ئەر-خوتۇن 15 يىل جاپالىق ئىشلەپ ياسىغان. 1946 - يىلى ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن مۇسا بىر ئوردا ياساپ چۈشى كۆرگەن. ئۇ ئەتىسى مەكتەپتە چۈشىدە كۆرگەن ئوردىنى سىزىپ چىققان. دەرسكە كۆڭۈل قويمىغانلىقى ئۈچۈن مۇئەللىمدىن تاياق يېگەن. كېيىن 15 يىل تىرىشىپ ئىشلەپ، پۇل توپلاپ، قەلئە ياساشقا كىرىشكەن. ئۇ خوتۇنى بىلەن بىر گۇرۇپپا ھەيكەل لايىھىلەپ ۋە قۇراشتۇرۇپ چىققان. بۇ ھەيكەللەر سارىيى ھازىر لىۋاندىكى مەشھۇر سەيلىگاھ بولۇپ قالدى. (4)

## يەلكەنلىك پاراخوت

غەربىي گېرمانىيىنىڭ كېمە مۇتەخەسسىسلىرى 1000 دىن ئارتۇق يولۇچى سىغىدىغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى يولۇچىلار پاراخوتىنى لايىھىلەپ ياساپ چىققان. بۇ پاراخوتنىڭ ئۈستىگە سەككىز قەۋەتلىك بىنادىن ئۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەر بىر بىنانىڭ ئېگىزلىكى 25 مېترغا يېتىدىكەن. ئۈچ بىنانىڭ ئۈستىگە ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان شامال يۆنىلىشىنى تەكشۈرگۈچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا، بۇ خىل پاراخوت بىناسى ھەم يولۇچىلار ياتىقى، بىرلا ۋاقىتتا يەلكەن رولىنى ئوينايدىكەن. زور ئېنېرگىيىنى تېجەپ قالالايدىكەن. شامال يۆنىلىشى ئۆزگەرگەندە، بىنانىڭ ئۈستىدىكى مەخسۇس ئايلانما قۇرۇلمىسىنىڭ ياردىمى بىلەن پاراخوت بىناسى تېز ۋاقىتتا يۆنىلىشنى توغرىلاپ تۇرىدىكەن. (1)

يىن چىلىڭ



ئۇزاق تارىختىن دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىسىل نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ كەلگەن خوتەن قاشتېشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقئارادا كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان قىممەتلىك بويۇم قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. ئۇ ئۇزاق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە. غەربىي دىيار دەپ ئاتالغان شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي. مەدەنىي جەھەتلەردىكى قويۇق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولۇپ كەلگەن.

ياپونىيە تارىخچىلىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا. ئۇدۇن (قەدىمكى خوتەن) دېگەن بۇ نام قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا «قاشتېشى ماكانى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىكەن.

خوتەن قاشتېشى چىڭ، نەپىس. سۈپەتلىك. سۈزۈك. پارقىراق بولۇپ. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شىيا. شاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىلا. كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن.

شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئۆلگەندە خوتەن قاشتېشىدىن زىننەتلەنگەن كىيىم ـ

# خوتەن قاشتېشى ھەققىدە پاراڭ

كېچەكلەرنى كىيىپ، يەرلىكتە يېتىشنى ئىسىدىن چىقارمىغان.

چىن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە خانلىق مۆھرى قاشتېشىدىن ئويۇلغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە يېزىلغان «ئىزاھلىق سۆزلەر» دېگەن كىتابتا: «قاشتېشى ئىنتايىن چىرايلىق بىر خىل تاش بولۇپ. ئۇنىڭدا ئادالەت، ھەققانىيەت، ۋاپادارلىق، ئەقىل ـ پاراسەت. پاكلىقتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك خاسىيەت بار» دەپ يېزىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خوتەن قاشتېشى ساداقەتمەنلىك. بەخت، ئامان ـ ئېسەنلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ سىمۋولى قىلىنىپلا قالماي، بەلكى غەربىي دىياردىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا بولسۇن ياكى قاشتېشى كانى ئۇدۇن تەۋەلىرىدە بولسۇن، ئوخشاشلا ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن.



بۈگۈنكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت تارىشا پۈتۈكلەر تېپىلدى. بۇنىڭدا شۇ جايدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەر قاشتېشىدىن ياسالغان مارجانلارنى ئۆزئارا سوۋغا قىلىشىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

«تارىخنامە» دىكى شىيا سۇلالىسىغا ئائىت خاتىرىلەردە، دۇخان (دۇنخۇاڭ) تەۋەلىرىدىكى جايلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلارغا خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان مارجان قاتارلىق ئىسىل بويۇملار توشۇلىدۇ، دېيىلگەن قارىغاندا، ئۇنىڭ قاراقۇرۇم تەۋەلىرىدىكى جايلاردا ئىشلەنگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قەدىمدە قاراقۇرۇم تەۋەلىرىدە قۇرۇلغان

خانلىقىنىڭ خانى غەربىي خان ئانا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارغاندا، ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان جاملارنى سوۋغا قىلغانىدى. جومۇۋاڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 928 - 940 - يىللىرى) غەربكە ساياھەت قىلىپ قاراقۇرۇم تېغىغا چىققانىدا: «بۇ تاغ — تاغلارنىڭ سەرخىلى ئىكەن، گۆھەرلەر ماكانى ئىكەن» دەپ ماختىغان. بىر قەدەر ئىشەنچىلىك بولغىنى «تارىخنامە. سۇلىيىنىڭ پادىشاھ جاۋ خويۋېنگە سۇنغان مەكتۇپى». «لى سى تەكلىپنامىلىرى» دە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قاراقۇرۇم قاشتېشىنىڭ بىباھالىقى تەسۋىرلەنگەن. لى سى چىنشىخۇاڭغا تەكلىپ بېرىپ: «ئەگەر ھەززەتلىرى لەشكەر تارتىپ گۆھەرلەر ماكانى — قاراقۇرۇم تېغىنى ئالىدىغان بولسىلا خاقانىمىزنىڭ دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزگە خوتەننىڭ قاشتېشى قاشقۇۋۇق (ھازىرقى يۈمىن) دىن چىن دۆلىتىگىلا ئەمەس، بەلكى خىتاي كارىدورى ئارقىلىق خىبىيدىكى جاۋ پادىشاھىسىنىڭمۇ قولىغا تەگەتتى. دېگەن بىشارەتنى بېرىدۇ. شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي كارىدورى ئىلگىرى خوتەن قاشتېشىنى ئىچكىرىگە توشۇغاندا ئېچىلغان يول بولسا كېرەك. مەزكۇر قاشتېشى يولىنىڭ كېيىنكى يىپەك يولىغا تەرەققىي قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قاشتېشىنىڭ شەرققە توشۇلۇشى غەربىي دىيار بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ بۇرۇندىنلا بېرىش - كېلىشىنىڭ بارلىقىنى، بۇنداق بېرىپ - كېلىشنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «ئەدەب - قائىدىلەر خاتىرىسى» نىڭ 11 - جىلدىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «قۇدرەتلىك شاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، ھەرقايسى بەگلىكلەردىن ئەلچىلەر كېلىپ ئۇنى قۇتلۇقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە غەربىي دىياردىن كەلگەنلىرى. ھەتتا كۆكتارت (ھازىرقى پامىر ئەتراپى) نىڭ غەربىدىكى ئەللەردىن كەلگەنلىرىمۇ بار»، جۇ سۇلالىسى شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئىدى. شۇڭا، پادىشاھ ۋۇدى تەختتە ئولتۇرۇش قەسىمىنى بەرگەندە، قەسىمىنىڭ بېشىدىلا سۆزنى: «غەربىي ئەلدە يېقىنلىرىم بار» دەپ باشلىغان ئىدى («تارىخنامە. جۇ سۇلالىسى خاتىرىلىرى») چۇنچيۇ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە كەلگەندە، خوتەن قاشتېشى دېگىز ياقىسىدىكى جايلارغىچە يېتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان ئەتىۋارلىق بويۇم بولۇپ قالغان. شۇڭا، «چىيوسى» دېگەن كىتابتا، قەيسەر ۋەتەنپەرۋەر شائىر چۈيۈەن قاشتېشىنى ماختاپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغان: قەدەم تاشلاپ چىققان ئىدىم كۇئىنلۇنغا مەن، ھەممە ياقتا كۆرۈندى قاشتېشىنىڭ سىماسى. تەڭدىشى يوق بۇ جاھاندا بەكمۇ ئۇزۇندۇر ھەم سۆزۈك، كۆڭلەر كەڭەر، ئايلار ئوتەر، ئەمما ئۆچمەس جۇلاسى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى 119 - يىلى، جۇڭگو بىلەن غەربىي ئەللەرنىڭ قاتناش ئالاقىسىدا ئاجايىپ تۆھپە قوشقان جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ غەربىي دىيارغا كەلگەندە، ئۇنىڭ نائىپ ئەلچىلىرى ئۈدۈن ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئۇلار مىگبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئېگىز تاغ ۋە چوققىلاردىن ئېشىپ، «ئۈدۈننىڭ تاغ دەريالىرىنىڭ گۈزەللىكى؛ قاشتېشىنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكى، بۇ جايغا تەڭرى ئۆز قولى بىلەن سەلتەنەتلىك رەسىملەرنى سىزىپ قويغاندەك گۈزەل» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.

قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان سېرىق دەريا (خۇاڭخې) نى ئۈدۈندىن باشلانغان دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن قاشتېشىغا ئاجايىپ سىرلىق تۇس كىرگەن.

قاراقۇرۇم قاشتېشى ياكى خوتەن قاشتېشى چۇنچيۇ، ئۇرۇشقاق بەگلىك دەۋرىدىن بۇرۇنلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلىغان دېيىشىمىزدە ئۇنى تارىخىي ھۆججەتلەر، ماتېرىياللار ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى ئارخېئولوگلارمۇ يېقىندىن بۇيان كۆپلىگەن ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقتى. يىڭى تاشقورال

دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا ئائىت گەنسۇدىكى قەبرىلەر ئىچىدىن قاشتېشى پارچىلىرى قېزىۋېلىندى. بۇلار بەلكى شىنجاڭنىڭ خوتەن ئەترابىدىكى جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن.

چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرى، زور بىر تۈركۈم قاشتېشى قاراقۇرۇمنىڭ شىمالىي ۋە خوتەن ئەترابىدىكى جايلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېلىنگەچكە، قاشقۇۋۇق (يۈمېن) دېگەن بۇ ئىسىم «خەننامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە تۇنجى قېتىم ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مانچۇلار شەھىرىدىكى خەنزۇلار قەبرىستانلىقىدىن كالۋاتوندا تېپىلىپ، قاشتېشى بۇيۇملىرى بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىملەر تېپىلدى. بۇ بىر مەھەل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، بۇ كىيىملەر شىنجاڭدىكى خوتەندە تىكىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارالدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خوتەن قاشتېشى دۆلىتىمىز ئىچىدىلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىمۇ مەشھۇر ئىدى. سوۋېت ئۆزبېكىستان تارىخىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ قاشتېشى مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئۇ يەرلەردىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان قاراقۇرۇمنىڭ شىمالىي ئارقىلىق بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا، خوتەن قاشتېشى سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئىنتايىن قىممەت باھالىق بويۇم بولۇپ قالغان. خوتەن ئۇستىلىرىنىڭ نەپىس ھۈنەر ـ سەنئىتى تارىخچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، بۇ قەدىمدىن باشلاپ دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(تۇرغۇن كېرىم تەرجىمىسگە ئاساسەن قىسقارتىپ ئىشلەندى)

## ماۋزېدۇڭنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى

ماۋ ئەنجىڭ بۇيىل 60 ياشتا بولۇپ تېنى ساغلام. ماۋزېدۇڭغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. ئۇ رۇس تىلىنى پىششىق بىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان. ئۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە رۇس تىلى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئارىلاپ رۇسچىنىمۇ قوشۇپ سۆزلەپ، باشقىلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

ماۋئەنجىڭ ئادەتتە ئۆيدە دەم ئالىدۇ. قىسقا ـ قىسقا ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تۇرىدۇ. لىيۇسۇڭلىن (ماۋئەنىڭنىڭ رەپىقىسى. ماۋئەنچىڭنىڭ يەڭگىسى) مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە مۇزىكىدىمۇ خېلى كامالەتكە يەتكەن. ئۆزى نوتا ئىجاد قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر قېتىم مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتنىشىپ قالسا، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇزىكىنىڭ ئاساسلىق رېتىملىرىنى رويال بىلەن چالالايدۇ.

ئۇ شاھمەت ئويناشقا ئامراق. خەلقئارالىق شاھمەت ئويناشتا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق.

ماۋئەنجىڭ بىلەن شاۋخۇانىڭ 16 ياشلىق ماۋشىنيۇ ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن شاۋخۇا بالىغا تەلەپنى بەكمۇ قاتتىق قويىدۇ. بەزىدە تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالمىسا، تاماق يېيىشكىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. ماۋئەنجىڭ بولسا ئوغلىنى بەكمۇ ئەتىۋالايدۇ ھەمدە داۋاملىق «تاماق يېمىسە ئاندىن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالايدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا يان باسىدۇ. (9)

(خەلچەم تەرجىمىسى)



# ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقى ھازىر قەيەردە؟



ئەپلاتوننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى جەبىلتارىق بوغۇزى بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتلانتىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئارال دۆلەت بولغان. بۇ ئارال دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان ئىنسانلار ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەتنى ياراتقان. لېكىن ھازىر بۇ جاي زادى قەيەردە. بۇ يەر نېمە ئۈچۈن گويا سىرلىق نەرسىدەك يەر شارىدىن ئۇن- تىنسىز غايىپ بولغان. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتى زادى قاچاندىن تارتىپ باشلانغان ھەم قەيەردە بارلىققا كەلگەن؟ مىسىر دۇنيادىكى تۇنجى مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەتمۇ؟

بۇنىڭدىن 2300 نەچچە يىل بۇرۇن ئۆتكەن يۇنانلىق مۇتەپەككۇر ئەپلاتون ئۆزىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى — «تەيمائاس» ۋە «كرىتىئاس» دېگەن ئىككى كىتابىدا يېزىلىشىچە، مۇندىن 9600 يىل بۇرۇن ياشىغان ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى، ئاتلانتىيە دۆلىتىنىڭ مەركىزى تاغقا تۇتاش بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى كىشىلەر ھوبقلىسنىڭ تۈۋرۈكى دەپ ئاتىغان بۇ ئارالنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ كۆلىمى شىمالىي ئافرىقا بىلەن كىچىك ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىرلەشتۈرگەندە ھاسىل بولىدىغان زېمىندىنمۇ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي دېڭىز يولىنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن، بۇ ئارالدىكى كۈچلۈك ۋە قورقۇنچلۇق بىرلەشمە ئىمپېرىيە ھەممە يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. لېكىن، بۇ ئىمپېرىيە مىسىر، گرېتسىيە ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش داۋامىدا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، كۈتمىگەن يەردىن چىققىنى شۇ بولغانكى، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغان يۇنانلىقلار ئوتتۇرا يەر دېڭىز رايونىدىكى كەڭ جايلاردىن ئازاد قىلىپ، ئاتلانتىيە قوشۇنلىرىنى تا پايتەختىگىچە قوغلاپ بارغان. بىراق ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن قاتتىق يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقى بىلەن بىللە بىر كېچىدىلا ئۈششۈمتۈت چەكسىز بىپايان كەتكەن ئاتلانتىك ئوكيانىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتلانتىيە دۆلىتىمۇ، مەدەنىيىتىمۇ بىر يولىلا يوق بولغان. ئەپلاتوننىڭ ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇسۇلى ھەققىدە

يېزىپ قالدۇرغانلىرىغا قارىغاندا، بۇ ئارالدا ئۇرغۇنلىغان سەلتەنەتلىك ئىمارەتلەر بولغان. ھەممە يەردە بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر بولۇپ، كەڭ ـ تەكشى چوڭ يوللار ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان. تۇلار ئات ـ كالىغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىنىمۇ باققان. ئەگەر ئەپلاتون ئېيتقان يۇقىرىقى ئىشلار ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن بولسا، بۇ بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىش. ئىنسانلار راستىنلا ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقىدا ئەنە شۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەتنى ياراتقان بولسا، ئۇنداقتا مىسىرمۇ ھەممە ئادەمگە ئايان بولغان ئۇنجى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت ھېسابلىنىشى ناتايىن. لېكىن بۇ سىرلىق ئارال ئاتلانتىيە زادى قەيەردە؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇتلا يەر شارىدىن ئۇن ـ تىنسىز غايىپ بولغان؟ مانا بۇ مەسىلە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ئىزچىل ھالدا كىشىلەر تەرىپىدىن يېشىلمەي كېلىۋاتقان تېپىشماق بولۇپ كەلمەكتە. بىراق نەچچە 100 يىلدىن بۇيان ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەز ۋە قىياسلارمۇ ھەر خىل، يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، كىشىلەر بۇ رىۋايەتلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى، بۇ ئارالنىڭ ئۇشتۇمتۇت چۆكۈپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى، بولۇپمۇ بۇ ئارالنىڭ ئورنىنى ئەتراپلىق ۋە تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بەزىلەر بىپايان ئاتلانتىك ئوكياندا ۋە غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا بۇ ئارالنى ئىزدەپ تېپىش ئۈستىدە كۆپ خىل ئاماللارنى قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلانتىيە دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى زاماندا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمىدى.

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيانقى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، غەربىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئاستىدا چوڭ ئىمارەت دۆۋىلىرىنىڭ، ناھايىتى ئۇزۇن كەتكەن يوللار، چىرايلىق نەقىش ئويۇلغان تاش تۈۋرۈكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆپ قېتىم بايقىغان. 1979 ـ يىلى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ بىر موچە دېڭىز قولتۇقىدا ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقى سېزىلگەن.

ئامېرىكا، فرانسىيە بىرلەشمە چارلاش ئەترەتلىرىنىڭ تەپسىلىي تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇ دېڭىز رايونىدا غايەت زور بىر پىرامىدانىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇنىڭ ياسالغان ۋاقتى قەدىمكى مىسىردىكى ئېھرامنىڭ ياسالغان ۋاقتىدىنمۇ كۆپ بالدۇر بولۇشى مۇمكىن. ئىلمىي ئاساستا مۆلچەرلەپ باھالاشلارغا ئاساسلانغاندا، دېڭىز ئاستىدىكى بۇ پىرامىدانىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، ئېگىزلىكى 200 مېتىر كېلىدىكەن. بۇ ئېھرامنىڭ ئۈچىنىڭ دېڭىز يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 مېتىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى چوڭ تۆشۈكى بولۇپ، دېڭىز سۈيى ئىنتايىن تېزسۈرئەت بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە، دېڭىز يۈزىدە ئۈركەش دولقۇنى پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا بىر قىسىم دېڭىز ئاستى ئالىملىرى ئاتلانتىك ئوكياندىكى ياسور تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەتراپىدىكى 800 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدىن ناھايىتى سىپتا نەقىشلەنگەن تاش تۈۋرۈك پارچىسىنى ئېلىپ چىقىپ. ئۇنى ئىلمىي ئاساستا باھالاش ئارقىلىق، بۇ جاينىڭ 12 مىڭ يىلدىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن بىر پارچە قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ چىقىرىلغان بۇ يەكۈن ئەپلاتوننىڭ تەسۋىرلىگىنى بىلەن ئەنە شۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە بىردەك چىققان. بۇ شانلىق قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئۆز قوينىغا يوشۇرغان سىرلىق ئاتلانتىيە دۆلىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بەزى ئوڭۇشلۇقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ھازىر تارىخىي ھۆججەتلەر ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ۋە ۋاقىت ئۇزىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مۇنچە مۆجىزە خاراكتېرلىك مەسىلىلەر تېخى ئېنىق ئايدىڭلاشقىنى يوق. بۇ كىشىلەر ئۈچۈن يەنىلا تېپىشماق بولۇپ كەلمەكتە.

(تۇرسۇن تۇردى تەرجىمىسى)

## 21-ئەسىردىكى شەھەرلىشىش

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردە پۈتۈن دۇنيا شەھەرلەشكەن دەۋر بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈلىدۇ: (1) يېزا ئاھالىلىرى شەھەرلەرگە توپلىشىدۇ. (2) شەھەرلەرنىڭ سانائەت تۈرى كۆپىيىدۇ. (3) شەھەر تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. لېكىن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەممە دۆلەتلەردە بىراقلا شەھەرلىشىش ئىشقا ئېشىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ھازىرقى زامان يېڭى سىيە جەمئىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، كەلگۈسىدىكى شەھەرلىشىش بىلەن ئالاقىدار بولغان ھەرخىل ئامىللارنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

ئاھالىلەر زىچ توپلانغان رايونلارغا قارىتا ئېيتقاندا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر بار. ئۇ بولسىمۇ، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، سانائەت شەھىرى، سودا شەھىرى، ساياھەت شەھىرى، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ قاتارلىقلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان ئۇنىۋېرسال شەھەرنى ئايرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش. شۇ ئارقىلىق كەلگۈسى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى سىزەتلەپ چىقىشتىن ئىبارەت.

يېقىندا «21-ئەسىرنىڭ لايىھىسى» دېگەن كىتاب نەشردىن چىقتى. بۇ كىتابتا ئىنسانلار تەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەھەرلىشىشكە ئائىت ئىشلارغا قارىتا ئىلمىي مۆلچەر ۋە تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ مۆلچەر ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۇرغۇنلىغان دانا ئالدىن كۆرەرلىك تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## كەلگۈسىدىكى قاتناش قوراللىرى

پىروفېسسور داۋسىنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى ترانسپورتنى ئەڭ ياخشى قاتناش قورالى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ئەمەلىيەتتە، ھاۋادا قاتناش ئۈچۈن مۇھىتقا تۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇسال ھاۋادا كېچىكىپ قالىدىغان. ئايرودروم بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، بېرىپ-كېلىشتە ھامان ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسىدە بارلىق قاتناش قوراللىرى يەر ئاستىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىخەتەرلىكى ئىشەنچلىك بولغان، ئاۋازدىن تېز ماڭىدىغان قاتناش قوراللىرى كەلگۈسىدە ئەڭ غايىلىك قاتناش قورالى بولۇپ قالىدۇ.

كەلگۈسىشۇناس ئالىم شىيىندۇ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: كەلگۈسىدە، شوپۇرلار ماشىنىسى تۇرمۇزلاش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا، بارلىق ماشىنىلار ئېلېكترونلۇق كونترول قىلىنىدۇ. خۇددى پويىزغا ئوخشاش قاتارلىشىپ، ئېلېكترونلۇق مىگە كونتروللىقىدىكى يول لىنىيىسى بويلاپ ماڭىدۇ. ئۇ جەزىملەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: بۇ يەنە تېخنىكىنى ھازىرمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. بەلكى ئۇنچىۋالا مۇرەككەپمۇ ئەمەس ۋە قىممەتمۇ توختىمايدۇ، شۇنداقلا بۇ ئەڭ مۇھىمى ئىنسانلارغا تۇرغۇن جەھەتلەردىن قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ كەلگۈسىدىكى قاتناشنىڭ تەرەققىيات نىشانى. (8)



# چاي



(ھېكايە)

مەمتىمىن ئوردۇن

بىزنىڭ چاڭجاڭ ئىشخانىسىدىن ئالدىراپ چىقتى-دە، ئالدى-كەينىگە قارىماي ئۆيىگە چاپتى. ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولغاچقا، كوچىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئالدىرىغانسېرى ھەدېسىلا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قاراملىقى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈپ قويدى. ئۇ ھەر قانچە تىرىشسىمۇ چارە بولمىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى نېمە؟ 90 كىلوگرام كېلىدىغان بەدىنىنىڭ قانداق زەربە بىلەن يەرگە چۈشىدىغانلىقىنى ئويلىماي بولامدۇ؟ ئۇنى ئاز دېگەندەك يېنىدىن ئۆتكەن كىشىلەر تېخى ئۇنى مۈرىسىدە بىر چەتكە قىقىپ تاشلاپ، پەرۋايىغىمۇ ئالماي كېتىۋاتاتتى.

چاڭجاڭ ئۇلارغا قاراپ غۇڭشۇپ قويدى. ئەمما ئاۋازىنى چىقىرىپ: «كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟» دېيەلمىدى. ئەگەر ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ: «قېرىغاندا يولنى بىكار قىلماي، نېمە پۇتلىشىپ يۈرىسەن؟!» دېيىشى تۇرغان گەپ.

بۈگۈن چاڭجاڭ ۋىلايەتتىن كەلگەن ئىككى كىشىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىرسى چاڭجاڭنىڭ رەھبىرى، يەنە بىرسى ناھىيلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

ئۇ، ئالدىراپ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئايالى بىر يەرگە ئالدىراپ تۇراتتى. ئايالىنىڭ بىر ئوبدان ياسىنىپ ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلدى. ئەمما ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— سەن جابدۇنۇپ يەنە نەگە ماڭدىڭ؟ — ئايالى چاڭجاڭنىڭ تەر چىپىلداپ تۇرغان سېمىز يۈزىگە قاراپ:

— چايغا! — دەپ سوغاقلا جاۋاب بەردى.

— بۈگۈن ئۆيگە مېھمان چاقىرىپ قويدۇم. بىر ياققا بارمىغىن!

— مەن چايغا ماڭدىم. مېھمانلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز كۈتۈڭ! — دېدى ئايالى پەرۋاسىزلا.

چاڭجاڭ چېچىلدى:

— بولدى، مەن بىلەن تاكاللاشما! بۈگۈن ھېچقاياققا بارمايسەن!...

— پاھ .... — دېدى ئايالى ئۈمىشۇقىنى پۇرۇپ. — ماڭا مۇنداق بۇيرۇق قىلالمايلا. مەن

سىلىگە سېتىلىپ كەتكەن ئەمەس...

— بولدى — بولدى، خوتۇن! — دېدى چاكچاك ئايالىنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ، — خاپا بولما، مەن سەندىن خوش بولاي، بۈگۈن بىر ياققا بارمىغىن...

— بۈگۈن بارمىسام زادىلا بولمايدۇ. مېنىڭ ئالدىمنى توسمىسىلا.

چاكچاكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ دېدى:

— نېمانداق كاۋىلتىق قىلىسەن! بۈگۈنكى مېھماننىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسەن؟...

— مەن نەدىن بىلەي!

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇر! — چاكچاك خۇددى قول ئاستىدىكىلەرگە بۇلىيورۇق بەرگەن چاغدىكىدەك، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى، — بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان مېھمان مېنىڭدەكتىن بىر نەچچىسىنى باشقۇرىدىغان ئادەملەر. بۈگۈن ئۇلار مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ماختىدى، بۇ مېنى قوللىغانلىق ئەمەسمۇ، سەن بۇنى بىلىشىڭ كېرەك! بۈگۈن ھەممە ھۈنىرىڭنى چىقىرىپ ئۇلارنى كۈتۈشۈڭ لازىم.

چاكچاك شۇنداق دەپ بولۇپ، ئايالىنىڭ چىرايىغا يىلىنىش بىلەن تىكىلدى.

— مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلغانلىرىم ھېساب ئەمەسكەن؟ — ئايال چاكچاكقا غەزەپ بىلەن قارىدى.

چاكچاك ئايالىنىڭ ئاسانلىقچە ئېرىنمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئېيتتى:

— سېنىڭ چايغا بېرىشىڭنى ئەلۋەتتە خالايمەن. لېكىن، مېنىڭ بۇ قېتىمقى چاي بېرىشىم بەكمۇ ئەھمىيەتلىك. راستىنى ئېيتسام ئىسلاھاتتا ھەممە كەلگۈلۈك بىزدەك ئوقۇمىغان بىچارىلەرگە كېلىۋاتىدۇ. زاۋۇتىمىزغا يېڭىدىن كەلگەن مۇئاۋىن چاكچاك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن. ئەگەر ئۇ چاكچاكلىقنى قولغا ئالسا ئىشنىڭ يۈزتىكىنى شۇ. دەم ئېلىشقا چىققىچە يۈز قىرىدىكىلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چاي بېرىپ تۇرمىساق قانداق بولىدۇ؟ ئويلاپ كۆر...

چاكچاكنىڭ گەپلىرى ئايالغا تەسىر قىلدى بولغاي، چىرايىدىكى خاپىلىق ئالامەتلىرى بىر ئاز ئۇچتى. لېكىن ئۇز نۆۋىتىدە ئۇمۇ مۇددىئاسىنى ئېيتتى:

— مېنىڭمۇ بۈگۈن چايغا بېرىشىم ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. بىزنىڭ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ چوڭ ئوغلى توي قىلماقچى. بۈگۈن ئۇلار يېقىنلىرىنى چاقىرىپ «مەسلىھەت چېيى» قىلماقچى. بۇنىڭغا مېنىمۇ چاقىرىپتۇ. بارمىسام قانداق بولىدۇ؟ مەنمۇ خىزمەتنى قانداق ئىشلەيمەن؟ ئەگەر مەن بۈگۈن بارمىسام، ئەتىلا ئۇلارنىڭ قارىشى ئۆزگىرىدۇ ـ دە!

— ئەستاغپۇرۇللا! سەن بولمىساڭ ئۇلارنى قانداق كۈتىمەن؟

— باشقا كۈنى چاقىرسىلىمۇ بولاتتىغۇ؟

— ئەمدىلىكتە «باشقا كۈنى كېلىڭلار» دېگىلى بولاتتىمۇ؟! — چاكچاكنىڭ يۈزلىرى پۈررۈشۈپ، پېشانىسىدىن يۇرقىراپ سوغ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئايالىنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىمۇ توغرا.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟!...

چاكچاك ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. «جاھاندا باشماق نېمە دېگەن تەس ـ ھە!...»

— سەن مەن بىلەن قېرىشىۋاتىسەن! — دېدى چاكچاك ئەلەم بىلەن ئايالىغا گۈلىيىپ، — يۈزۈمنى تۆكۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىسەن!...

— ماڭا ئۇنداق تۆھمەت توقۇمىسىلا، — ئايال تەرىنى تۈردى، — مەن نەچچە يىلدىن بېرى سىلىنىڭ تۇرغۇن باشلىقلىرىنى كۈتتۈم.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن....

— ھەممىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ يەنە نېمە دەيلا. بۈگۈن بارمىسام ئۇلار ماڭا ساقلاپ تۇرامدۇ؟ بۇ

دېگەن توي ئىشى، بىزنىڭمۇ ھاجىتىمىز چۈشۈپ تۇرىدىغۇ! ئوغلىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكى مۇشۇ باشلىقنىڭ ئايالىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ....

— سەن بولمىساڭ قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەسمۇ؟!

— ۋاي خۇدايىم! — ئايالى يەنە چىرقىلىغىلى تۇردى.

— مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۆزۈمنى پارچىلايمەنمۇ؟!

— ئۇنداق دېمە خوتۇن! — چاڭجاڭ ئايالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يالۋۇردى، — بۈگۈن ئۇلارنى چاقىرمىغان بولسام سەن بىلەن بىرگە چايغىمۇ باراتتىم. ئامال قانچە؟!....

ئەر - خوتۇن ئىككىسى خېلىغىچە گاھ ئۇرۇشۇپ، گاھ يارىشىپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قېلىشتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى ۋە دادىسى بىلەن ئانىسىغا قاراپ:

— دادا! مەن بۈگۈن ئوقۇتقۇچۇم بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنى ئۆيگە چايغا چاقىرىپ قويدۇم. قارشى ئالامسىز؟— دېدى ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا. ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەر - خوتۇن چەكچىيىپلا قېلىشتى. چاڭجاڭ نېمە دېيىشنى بىلمەي يەنە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساراڭ ئادەمدەك چۆگىلەشكە باشلىدى ۋە:

— سەن قايسى ئۆيدە، بىز قايسى غەمدە، بىلەمسەن؟— دېدى ۋارقىراپ.

— مەن ھېچنەرسە دېمىدىمغۇ؟— ئوغۇل دادىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— نېمىشقا مېھماننى بىز بىلەن مەسلىھەت قىلىنىپ چاقىرمايسەن؟ ئەمدى ئۇلارنى نەدە كۈتىمىز؟— دېدى چاڭجاڭ ئوغلىغا زەردە قىلىپ.

— سىز ئۆزىڭىز رۇخسەت قىلغانتىڭىزغۇ! — دېدى ئۇ دادىسىنىڭ تۈنۈگۈن قىلغان گېپىنى ئەسلىگە سېلىپ.

— ماڭ جىڭگۇ! ئوقۇتقۇچۇڭغا بېرىپ ئېيت: «بۈگۈن دادامنىڭ مېھمانلىرى بار ئىكەن. باشقا كۈنى كېلىڭلار» دە. بۈگۈنچە كەلمەي تۇرسۇن!

مەن ئۇلارنى كەچ سائەت ئالتىگە ئېيتىپ قويغان تۇرسام. ئەندى بېرىپ نېمە دەيمەن؟!..

— ئەستاغپۇرۇللا!....... — چاڭجاڭ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. تۇنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئايال بىلەن ئوغۇل بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئانىسى ئوغلىغا:

— ماڭ ئوغلۇم! داداڭنىڭ دورىسىنى ئېلىپ چىق! — دېدى خىرقىراپ. شۇ پەيتتە چايغا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېيىشىپ قويغاندەك بىرلا ۋاقىتتا ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار چاڭجاڭنىڭ ھالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى:

— ھېزىم چاڭجاڭغا نېمە بولدى؟

— بىردىنلا مىجەزى ئۆزگىرىپ قالدى! — دېدى ئايال پەرىشانلىق ئىچىدە جاۋاب بېرىپ.

— بۇ بولمايتتۇ! دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى. — باشلىق.

مېھمانلار چاڭجاڭنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ھېلىقى باشلىقنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا سالدى. قالغان مېھمانلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، ھويلىدىن چىقىشتى.

° ° °

— ھېزىم چاڭجاڭ ئۆيدىمۇ؟

— كىرىڭ! — ئۆي ئىچىدىن چاڭجاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. زاۋۇتنىڭ سېكرېتارى ۋاھاپجان ئېگىز ئورۇق بويىنى ئېگىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى ۋە ئۇنىڭدىن ھال سورىدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياخشى بولۇپ قالدىم! ئەتە ئىشقا چۈشۈشۈم مۇمكىن. چاڭجاڭ ئۆزىنىڭ تامامەن ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆي ئىچىدە ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ قويدى.

— بۈگۈن زاۋۇتتىكى كادىرلاردىن ئىمتىهان ئالماقچى بولۇۋاتىمىز. شۇڭا سىزگە خەۋەر بېرىپ قويۇشقا كىرىۋىدىم. — دېدى ۋاھاپجان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ.

سېكرېتارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چاكچاكنىڭ چىرايى بىردىنلا تۈرۈلدى. ئۇ دەماللىققا جاۋاب بەرمەي، ئارىدىن بىرەر مىنۇت ئۆتكەندە:

— نېمە دېگەن كۆپ ئىمتىهان بۇ؟ — دېدى ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ.

— مۇئاۋىن چاكچاك كادىرلارنى بىر قېتىم سىناپ تەرتىپكە سېلىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ تەكلىپى يۇقىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئىمتىهان ئېلىشنى تەستىقلاپ، سوئال چىقىرىپ بېرىپتۇ. شۇڭا...

— بىلىمى بار دەپ قويىسا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ - دە ئۇ؟!...

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى سېكرېتار سالماق ئاھاڭدا، — بۇ هازىرقى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئىسلاهاتىدىكى بىرىنچى قەدەم. كادىرلار قوشۇنىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ. ئۇلارنى مۇۋاپىق ئىشقا قويۇش — ئۇتلىشىشنىڭ مۇهىم كاپالىتى...

— ئۇنداقتا مەنمۇ ئىمتىهانغا قاتنىشىمەنمۇ؟

— شۇنداق، ئەمما هازىر سالامە تىلگىلىز يار بەرسە.

° ° °

— دادا، نېمە بولدۇڭ؟

چاكچاكنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ يەنە قايتىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— نېمە بولاتتىم. هەممىدىن ئايرىلدىم! — چاكچاك هەسرەت بىلەن ئوغلىغا قاراپ هومايدى.

— نېمىسىنىڭ هەممىسىدىن ئايرىلدىڭ دادا؟ ئوچۇقراق دېگىنا؟ — دېدى ئوغلى هەيران بولۇپ.

— چاكچاكلىقىمدىن قالدۇرۇپ، ئىككىنچى سەپكە ئۆتسەن دەۋاتىدۇ. ئامالسىز ئىلتىماس يازدىم.... كارخانا باشقۇرۇشتىن ئىمتىهان ئالغان ئىدى. مەرەز ئىمتىهاندا ئاران يىگىرمە ئۇمۇر ئاپتىمەن. هېلىقى باشلىقمۇكەشنى توغرىلاپتۇ. ئەمدى هېلىقى ئابدۇل دېگەن نەرسىنىڭ قولىغا قالغان گەپ. — هېزىم چاكچاك گويا ئېلىشىپ قالغاندەك، ئوغلىغا دەرد تۆكتى چاكچاك ئاشۇ «چاي» دىن كېيىن سەل ئويغاندى. ئۇ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى ئىقرار قىلماي تۇرالمىدى. دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن باشقىچە ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇلارنى ئويلىسا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىدۇ. ياش ئاتمىشقا بارغاندا هاياتىدىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىپ، ياشلارغا «پۇشايمان» نامىلىق بىرەر ئەسەر يېزىپ قالدۇرغۇسىمۇ كەلدى.

— ئوغلۇم! — دېدى هېزىم چاكچاك ئوغلىنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بۇنى ئەمدىلا هېس قىلىۋاتىمەن. ئەمدى ئۈمىد سەندە قالدى. مەن ساڭا بۇرۇن باشقىچىرەك تەربىيە بېرىپتىمەن. بىلىمنىڭ كۈچىنى تونۇماپتىمەن. ئەگەر بۇنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، چايغا كەتكەن پۇل بىلەن ۋاقىتقا خىيانەت قىلمىغان بولاتتىم. «چاي» بىلەن مەلۇم ئىمتىيازغا ئېرىشكەن بولسامىمۇ، ئاخىرقى هېسابتا ئائىلىگە بەخت - سائادەت كەلتۈرەلمىدىم. مېنى هەرگىز دورىما! — ئۇنىڭ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك كۆزەن تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. «چاي» بىلەن تەغدىرىمنى ئۆزگەرتەلەيمەن دېمە! تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئال. پەقەت شۇلا تەغدىرىڭنى ئۆزگەرتەلەيدۇ....

## قانداق ماركىلىقى بولسا بولىۋېرىدۇ

دوختۇر كاناي يالىلىغىغا مۇپتىلا بولغان بىر بىمارنى تەكشۈرۈپتۇ. بىمارنىڭ تاماكا خۇمارى قوزغىلىپ، بىئارام بوپتۇ. دوختۇر بىمارغا: هەرگىز تاماكا چەكمەڭ. دەپ جېكىلەپ تۇرۇپ سوراپتۇ: — سىز تاماكا چېكىمسىزغۇ دەيمەن؟ — هەئە! بولىۋېرىدۇ. قانداق ماركىلىقى بولسا بولىۋېرىدۇ. دەپتۇ بىمار. (هۆرنىگۈل تەرجىمىسى)






↓ يۇقىرى سەن تۇرۇن ↑ نىسىن خولاسە

↑ نادالە نيەزەر




← چىقىمچى

↓ ماۋزۇسىز





غەيرەت ئەيسا، ۋېي كەيجۇڭ فوتوسى

سەھرا





يۇرتۇم

تۇمانلىق سەھەر



يايلاقتا ...

جاڭگالدىكى كەچكۈز





شىنجاڭ مەنزىرىلىرىدىن



1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20 21 22 23 24 25 26 27 28

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنى خىزمەت بىناسىنىڭ 3- قەۋىتىدە.

### تېلېفون بېرىڭ

باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 27885؛ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 25064؛ خەنزۇ بۆلۈمى: 25862؛ مەمۇرىي بۆلۈم: 24544.

### ئەسەر ئەۋەتىڭ

ئادرېسىمىزنى كونۋېرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9- قورا — «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر يىلى 2-، 5-، 8-، 11- ئايلارنىڭ 1- كۈنى پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى (50 — 58).